# ئانا يۇرت

ISSN:2147-8031
پەسىللىك | ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال


- ئەسەت سۇلايمان: تروپا ياغاچ ئېتىنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن بار؟
- ئەركىن ئەكرەم: خىتاينىڭ يېڭى ھاكىمىيتى ۋە سىياسىي ئىسلاھات
- نەبىجان تۇرسۇن: لېنىنىنىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى
- ئۆمەرجان نۇرى: «بايانى ھەقىقەت» ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان ماقالىلەر
- نۇرئەھمەت قۇربان: مودېرنىلىشىش ۋە رېئاللىق
- ئادىل ئىبراھىم: ئىستېمال جەمئىيىتى، كۇلتۇرى ۋە ئېھتىياج


2013/1
يىل: 1 / سان: 1

# ئانا يۇرت

(تور ژۇرنىلى)

ISSN:2147-8031

1 - يىل ئومۇمىي 1 - سان

(يانۋار، فېۋرال، مارت)

2013



**ساھىبى:** د.نۇرئەھمەت قۇربان

**باش تەھرىر:** د.ئەركىن ئەكرەم

**تەھرىر ھەيئىتى**

د. ئەسەد سۇلايمان

د.ئالىمجان ئىنايەت

د. ئەركىن سىدىق

د.ئەركىن ئەمەت

مەمتىمىن ئەلا

بەتچىك: ئىلياس



تور بەت ئادرېسى

www.anayurtjurnili.com

ئېلخەت ئادرېسى

info@anayurtjurnili.com



ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاپتورلارغا ئائىت بولۇپ، ژۇرنال ھېچقانداق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك نەشر ھوقۇقىنىڭ ژۇرنالغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە خاتىرلىتىدۇ.



# ئانا يۇرت

پەسىللىك ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال

# بۇ ساندا

باش تەھرىر:

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا چاقىرىق ............ 3

دوكتور ئەسەت سۇلايمان

ترويا ياغاچ ئېتىنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن بار؟ ............ 7

دوكتور ئەركىن ئەكرەم

خىتاينىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى ۋە سىياسىي ئىسلاھات ............ 30

دوكتور نەبىجان تۇرسۇن

لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ............ 56

ئۆمەرجان نۇرى

«بايانى ھەقىقەت» ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان ماقالىلەر ............ 94

دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان

مودېرنىلىشىش ۋە رېئاللىق ............ 107

ئادىل ئىبراھىم

ئىستېمال جەمئىيىتى، كۇلتۇرى ۋە ئېھتىياج ............ 126

# ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا چاقىرىق!

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان سان - ساناقسىز تۆھپىلىرى بىلەن تارىخ سەھىپىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئورنىنى تىكلىگەن. بۇ سەۋەبتىن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك، «مەدەنىيەت» سۆزىنىڭ ئورنىغا «ئۇيغارلىق (ئۇيغۇرلۇق)» سۆزىنى ئىشلىتىشنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسىنى ئەبەدىيلەشتۈرگەن. رىۋايەتلەردىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جېيمس چېچۋورد (James Churchward) «غايىپ بولغان مۇ قىتئەسى» ناملىق ئەسىرىدە، بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بەزى ھۇنگېرىيە ئالىملىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ۋولفرىد ياررىڭ (Gunnar Valfrid Jarring) نىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشىدىكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرىمۇ شىۋېتسىيەلىكلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەنلىكىگە بولغان قىزىقىشىغا باغلىقدۇ. كانادالىق تەتقىقاتچى ئېتېل گ. ستېۋورت (Ethel G. Stewart) قىرىق يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئاخىرىدا، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بەزى ھىندىئانلارنى ئۇيغۇر نەسلىدىن كېلىپ چىققان، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. 20 – ئەسىردىكى ئەڭ داڭلىق تارىخشۇناسلاردىن ئارنولد ج. تويىنبى (Arnold J. Toynbee) ياپونىيەنىڭ دۇنياغا تونۇلغان ئىجتىمائىي پەن ئالىمى دايساكۇ ئىكېدا (Daisaku Ikeda) بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە، تارىخنىڭ قايسى مەزگىلىدە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ مىلادى 1 – ئەسىردە شەرقىي تۈركىستاندا ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي مەلۇماتلاردىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى،

دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا – بوۋىلىرىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆچمەن ھاياتتا ياشىغان بولسىمۇ، 9 – ئەسىرگە كەلگەندە مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئۆتۈپ، شەرقتە خىتاي مەدەنىيىتى، جەنۇبتا ھىندى مەدەنىيىتى، غەربتە بولسا، پارس مەدەنىيىتى ۋە گرېك مەدەنىيىتى ئۆزئارا كېسىشكەن رايوننى ماكان تۇتقان. ئۇيغۇرلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەدەنىيەتلەرنى ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان ۋە 16 – ئەسىردە يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەزكۇر رايوندىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولسا، موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلاھ قىلىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا بارلىق تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن مەتبەئە تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قەغەز ياساپ، مەتبەئەچىلىكنى ئەڭ بۇرۇن قوللانغان خەلقلەرنىڭ بىرى. بۇ نۇقتىنى توماس فرانسىس كارتېر (Thomas Francis Carter) ۋە ياسىن ھوشۇرنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن ئوچۇق چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. شەرق – غەرب سودىسىنىڭ تومۇرى بولغان يىپەك يولىدا كۆپ خىل تىل بىلىش ۋە سودىغا ماھىر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇيغۇرلار چەك ۋە ھۆججەت ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ، ئوخشىمىغان مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان سودىگەرلەرنىڭ سودا ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرغان. 10 – ئەسىردە يولغا قويۇلغان بۇ ئىپتىدائى بانكىچىلىق سىستېمىسىغا، ياۋروپانىڭ ئەڭ چوڭ سودا – سانائەت دۆلىتى بولغان گوللاندىيەمۇ 16 – ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن سازاۋەر بولالىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتىر سەنئىتى ھەققىدىمۇ باشقا ئەللەرگە سېلىشتۇرغاندا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى تارىخىي پاكىتلار ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويماقتا. مەسىلەن، ئۇيغۇلار «مائىترىسمىت» قاتارلىق بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئالىبۇرۇن سەھنىلەشتۈرۈپ، سەھنە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، دىن، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، پالچىلىق، كالېندارچىلىق، رەسىم، گۈزەل سەنئەتلەر ۋە تېبابەت ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ياكى مۇزېيلىرىدا

ساقلانماقتا. بۇ تارىخىي ھۆججەتلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىدەك، 19 – ئەسىردە تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ يۈكسىلىشىدىمۇ ئاساسىي مەنبە بولغان. مەشھۇر تۈركولوگ ئاننېمارىيا فون گابائىن خانىم (Annemarie von Gabain) يازغان «قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» ناملىق كىتابتا پايدىلانغان مەنبەلەرنىڭ 90% ى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى ئاساس قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياۋرو – ئاسىيادا چىڭگىزخان ئىمپېراتورلۇقى، قۇبلاينىڭ يۈەن سۇلالىسى، باتۇخاننىڭ ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ھۇلاكۇنىڭ ئىلخانىلار ھاكىمىيىتىدە يۇقىرى مەنسەپلەردە خىزمەت قىلغان ۋە نۇرغۇن ساھەلەردە تارىخقا ئىز قالدۇرغان. قىسقىسى، تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئاتا - بوۋىلىرى بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننى قوغداش يولىدا ناھايىتى كۆپ بەدەللەرنى تۆلىگەن. خەن سۇلالىسى تارىخىنىڭ 70 – بابىدىكى چېڭ تاڭ تەزكىرىسىدە، « غەربىي ئەللەرنىڭ ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ زېمىنى» ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ 28 – بابىدىمۇ، «ۋۇۋېيدىن غەربكىچە بولغان ئەللەر ئەسلىدە ھۇن بەگلىرىنىڭ زېمىنى» ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان بۇرۇندىن تارتىپ خىتاي ۋە خىتايغا تەھدىت سالغان تۈرك، موڭغۇل ۋە مانجۇلاردىن باشقا يەنە، رۇسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچىنى تالىشىش مەيدانى بولۇپ كەلگەن. خەن سۇلالىسى ئىمپېراتورى ۋۇدى (م.ب 87 – م.ب 140) ھۇنلارنىڭ بېسىمى ۋە تەھدىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ تاشلاش ئىستراتېگىيەسىنى ئىجرا قىلىشقا تىرىشقان. تاڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورى تەيزۇڭ (649 – 627) مۇ كۆك تۈركلەرنىڭ بېسىمىغا قارشى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنغان. شەرقىي تۈركىستان ھەم شەرق بىلەن غەربنى بىر – بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ھەم بىر – بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان رايون بولغاچقا، ئەڭ كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ رايونغا كۆز تىكىپ كەلگەن. موڭغۇللار ۋە مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشىمۇ بۇنىڭ تىپىك مىسالى. زامانىۋى دۆلەتلەر دەۋرىدىمۇ شەرقىي تۈركىستان مۇھىم ئورنىنى يوقىتىپ قويماستىن، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك كۈرەش مەيدانى بولۇپ

كەلگەن. 19 – ئەسىردە شەرقىي تۈركىستاندا رۇسلار، ئىنگىلىزلار ۋە خىتايلار ئۆزئارا تەسىر دائىرىسىنى تالىشىپ تىركەشكەن، ھەتتا ئوسمانلى خەلىپىلىكىمۇ قىزىققان. 20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ياپونىيە، ئەنگلىيە ۋە خىتايغا ئوخشاش چوڭ كۈچلەر بۇ رايوندا رىقابەتكە چۈشكەن. 1933 – يىلى 12 – نويابىردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئەشۇ كۈچلەر رول ئوينىغان. 1944 – يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ پەردە ئارقىسىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەر بار ئىدى.

بۈگۈنمۇ شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنى يەنە يوقىتىپ قويمىدى. ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىشىشى نەتىجىسىدە، خىتاي دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى نەزەرگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. يەنە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستان مول تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەن خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ ياۋرو – ئاسىياغا ئېچىلىشىدىمۇ كۆۋرۈك ۋە دەرۋازا بولۇش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە. بۇ دەرۋازا تاقالسا ياكى كۆۋرۈك يىقىلسا، خىتاينىڭ ياۋرو – ئاسىياغا ئېچىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى خىتاي ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، خىتاينىڭ رەقىپ كۈچلىرى ئۈچۈنمۇ مۇھىم رولغا ئىگە. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار، تارىختىكى مەدەنىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. شۇنداقلا ھەر نۇقتىدىن ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر.

بۇ ئۇلۇغ ئەجداد ۋە مۇقەددەس ۋەتەنگە لايىقىدا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇيغۇر ۋە ئۆزىنى ئۇيغۇر ھېسابلايدىغان ھەر بىر ئىنساننىڭ باش تارتالمايدىغان بۇرچىدۇر. «مېلى بارلار مېلى، كۈچى بارلار كۈچى، ئەقلى بارلار ئەقلى بىلەن تۆھپە قوشۇش» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ روھى بويىچە، بىزمۇ كۈچىمىزگە يارىشا ئىش باشلىدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمىزنى ژۇرنىلىمىزنىڭ داۋاملىشىشىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ قۇۋۋەتلەشكە چاقىرىمىز! ■

دوكتور ئەسەت سۇلايمان

# ترويا ياغاچ ئېتىنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن بار؟

## مۇستەملىكە دەۋرى ۋە ياۋروپا مىللىيەتچىلىك نەزەرىيەلىرىنىڭ ئاسىيا ئەللىرىدە سەھنىگە چىقىرىلىشى

- بۈگۈنكى «مىللەت» ياكى «ئۇلۇس» ئۇقۇمى، شەك-شۈبھىسىزكى ئىنسانىيەتنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى.

ياۋروپادا تەخمىنەن مىڭ يىللارچە ھۆكۈم سۈرگەن زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە خرىستىيان روھى بىلەن چېركاۋلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى غەربتىكى ئوخشاشمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى ئەل ۋە خەلقلەرنىڭ مىللىيەتلىك ئېڭىغا ئورۇن بەرمىگەنىدى. رۇم پاپاسىنىڭ چەكسىز ھوقۇقى، چېركاۋلارنىڭ مۇتلەق كونتروللۇقى ھەمدە لاتىن تىلىنىڭ ھاكىملىق ئورنى خرىستىيان ياۋروپاسىدا تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن ئېتنىك توپلۇقلار ۋە مىللىي چېگرالارنىڭ ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىشىنى توسۇپ كەلگەنىدى. قەدىمكى يۇنان تارىخىدا يۈز بەرگەن يۇنان - ترويا ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى يۇنانلىقلارنىڭ مىللىي ئار - نومۇس روھى ۋە مىللىي مەنپەئەت تۇيغۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئەسىردە خرىستىيان ياۋروپاسى بىلەن مۇسۇلمان دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بەش قېتىملىق ئەھلى - سەلىپ ئۇرۇشىنى قانداقتۇر ياۋروپا بىلەن ئاسىيادىكى مەلۇم ئىككى دۆلەتنىڭ مىللىي توقۇنۇشى ئەمەس، بەلكى ئىككى چوڭ دىنىنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىدى. خرىستىيان ياۋروپاسىنىڭ ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا شەرقتە زور گۈللىنىشكە ئېرىشكەن مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىللەپ، بەش قېتىملىق ئەھلى - سەلب ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىغا ئۇلارنىڭ ئورتاق خرىستىيان ئېتىقادى ۋە ياۋروپا روھى تۈرتكە بولغانىدى. شەرقتىكى تۈرلۈك

تىللاردا سۆزلىشىپ ئوخشاشمىغان ئەللەردە ياشايدىغان مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيەسى گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇپ غايەت زور كۈچ سۈپىتىدە ياۋروپا ئەھلى - سەلب ئارمىيەسىنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇب قىلىشىمۇ ئوخشاشلا ئىسلام ئېتىقادى ۋە دىنىي روھنىڭ قۇدرىتىدىن بولغانىدى.

مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي تۇيغۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ خېلى بالدۇرقى مەزگىللىرىدە بىخلانغان ۋە پەيدىنپەي راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسى دۇنيادىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان ھالەتتە ئىپادىلىنىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا دۇنيا تارىخىدا ئىنسانىيەت روھىي تاكامۇللىقىنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسىنى ياراتقان ۋە مىللىي روھنىڭ پىشقان مېۋىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن كۆپلىگەن قەۋملەرنىڭ شانلىق ئەمەلىيىتى بىزنى بۇ نۇقتىدا كەسكىن ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

يەھۇدىيلار نېمە ئۈچۈن تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنى «ئالاھىدە قەۋم»، «مىللەت»، «خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان مىللەت» دەپ قاراپ كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن مىڭلارچە يىللار داۋاملاشقان سەرسان - سەرگەردانلىقتا ئۆزلىرىنى يوقۇتۇپ قويمىدى؟ جانلىق ئېغىز تىلى تامامەن يوقالغان، پەقەت يازما ۋەسىقىلەردىلا قالغان، پۈتۈن دۇنياغا تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن بۇ مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ناتسىستلار لاگېرىدىكى نىمجان گەۋدىسىنى سۆرەپ چىقىپ يېڭى تۇغۇلغان ۋەتىنى – ئىسرائىلىيەگە قەدەم قويغىنىدا قانداق قىلىپ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئالىقاچان «ئۆلگەن» يەھۇدى تىلىنى قايتا تىرىلدۈرەلىدى!؟...

ياپونلار نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىنى «قۇياش ئېلى»، ئۆز پادىشاھىنى «قۇياشنىڭ ئوغلى – ساماۋىي پادىشاھ » دەپ ئاتايدۇ؟ ئۇلار دىكى ئۆز قوشنىلىرىغا ئوخشىمايدىغان «ساماۋىي روھ» قەيەردىن كەلگەن؟ ئۇلار قانداق قىلىپ غەربتىن ئالغان تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرەلىدى؟...

قەدىمكى يۇنانلار نېمە ئۈچۈن ئاسىيادىكى ئەڭ يېقىن قوشنىسى ترويىغا قارشى 10 يىللىق مۇشەققەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ باردى؟ بۇ ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى ترويا شاھزادىسى پارىسنىڭ گۈزەل يۇنان خانىشى ھېلىننى ئېلىپ قاچقانلىقىدىنمۇ ياكى مىللىي ئار - نومۇس ۋە مىللىي مەنپەئەت تۇيغۇسىنىڭ تەخىرسىزلىكىدىن كېلىپ چىققانمۇ؟...

قەدىمكى پېرسىيە ئىمپېرىيەسى نېمە ئۈچۈن ئۇزاق مەزگىللەرگىچە ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى؟ ئۇلار قانداق قىلىپ

ئىسكەندەر زامانىغىچە يۇنانلىقلارنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى توسۇپ تۇرالىدى؟ ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى نەتىجىسىدە ئەرەب ئىمپېرىيەسى تەدرىجى كېڭىيىپ ئەتراپتىكى نۇرغۇنلىغان ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەتلىرىنى ئۆز گەۋدىسىگە قوشۇپ ئىسلاملاشتۇردى. ۋاھالەنكى، پارس مەدەنىيەتىنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئىرانلىقلار نېمە ئۈچۈن پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ مىللىي روھىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ساقلاپ قالالىدى؟ ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيەسى زامانىدا نېمە ئۈچۈن ئەڭ كۆپ ئالىم -مۇتەپەككۇرلار پارس تىللىق خەلقلەردىن يېتىشىپ چىقتى؟ ئىسلام تارىخىدا ئىران نېمە ئۈچۈن شىئە مەزھىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم بازىسى ۋە قارارگاھى بولۇپ كەلدى؟...

......

14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىتالىيەدە پارلىغان ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ تاڭ نۇرى ئۇزاققا سوزۇلغان زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنىڭ پەردىسىنى قايرىدى. ئالىگەرى دانتې ئۆزىنىڭ گىگانت ئەسىرى «ئىلاھ كومېدىيەسى» نى ھۆكۈمران تىل بولغان لاتىن تىلىدا ئەمەس، بەلكى ئىتالىيان تىلىدا يازدى. لېئوناردو داۋىنچى پەقەت «ئىنجىل» قىسسىلىرىگىلا رەسىم سىزىدىغان ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي سەنئىتىنىڭ رامكىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئاددىي شەھەر پۇقراسى «مونالىزا» نى سىزدى. كوپېرنىك چېركاۋنىڭ «يەر – ئالەمنىڭ مەركىزى» دېگەن مۇتلەق تەلىماتىغا قارشى ئۆزىنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. مارتىن لۇتېر خرىستىيان دىنىي تەلىماتلىرىدا ئىسلاھات دولقۇنى قوزغاپ، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇيۇق سىزىقىدا تۇرۇۋاتقان ياۋروپانى كاتولىك چېركاۋىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئۇزاقلاشتۇردى...

يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن كاپىتالىستىك سودا-سانائەت ياۋروپادا ھاياتى كۈچى تولۇپ تاشقان مىللىي دۆلەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. مەرىپەتچىلىك دولقۇنى ئىنسانىنىڭ ھۆر، ئەركىن ۋە ئەقلىي تەبىئىتىنى ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ئۇلۇغۋار پىكىر تەلقىنلىرى ئارقىلىق قايتا نامايەن قىلدى. مىللىي دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشى مىللىي روھ ۋە مىللىي مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسىنى يوقۇرى كۆتۈردى. ئادام سمىتنىڭ «مىللىي ئىقتىساد» نەزەرىيەسى سانائەت ئىنقىلابى ئارقىلىق ئىقتىسادىي گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپادىكى مىللىي دۆلەتلەرنىڭ بازار ۋە خام ئەشياغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى ئاشكارىلاپ قويدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى مىللىيەتچىلىك ئۇقۇمى ۋە مىللەتپەرۋەرلىك دولقۇنى مەيدانغا كەلدى. پار ماشىنىسى بىلەن يېڭى دېڭىز يولىنىڭ

ئېچىلىشى مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. قەلبىگە بويسۇندۇرۇش، كېڭەيمىچىلىك ۋە ئىرقچىلىقنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان نەزەرىيىلىرىنى پۈككەن بىر توپ تەۋەككۈلچىلەر ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان سۇيى بىلەن سۈيۈشۈپ تۇرىدىغان پورتلىرىدىن يەلكەنلىرىنى ئېچىشىپ، يىراقتىكى سىرلىق ئەللەرگە يۈرۈپ كەتتى. كېڭەيمىچىلىك مىللەتلەر ۋە مىللىي دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى كۈچەيتىپ باردى. مىللەتپەرۋەرلىك ھەمدە ئۇنىڭ يېڭى نەزەرىيەلىرىمۇ مۇستەملىكە ئېچىش جەريانىدا بازار تاپتى. ئېتنولوگىيە، ئېتنوگرافىيە ھەمدە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەسى قاتارلىق يېڭى ئىلىملەر ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيەتلىرىنى كۈزىتىش جەريانىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

ئېدۋارد سەئىد «شەرق» ئۇقۇمىنىڭ ئەمەلىيەتتە «غەرب» لىكلەر تەرىپىدىن تىكلەنگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.[1] ياۋروپادا گەرچە قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھىرودېتتىن باشلاپلا كۆن چىقىش تەرەپتىكى ئاسىيا ئەللىرىنى «شەرق» دېگەن مەۋھۇم ئۇقۇم بىلەن ئاتاش ئەنئەنىسى باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن غەربلىكلەرنىڭ نەزەرىدىكى «يات، سىرلىق ھەم رومانتىك» تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان «شەرق» ئۇقۇمى ئەمەلىيەتتە مۇستەملىكە دەۋرى باشلانغاندىن كېيىنكى يېقىنقى زامان ياۋروپاسىنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. خۇددى ئېدۋارد سەئىد ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەندەكلا ياۋروپانىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان «كىچىك ئاسىيا»، «يېقىن شەرق»، «ئوتتا شەرق» ياكى «يىراق شەرق» دېگەندەك «شەرق» دېگەن ئومۇمىي ئۇقۇم ئىچىدىكى بىر قاتار تارماق ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسىگە ياۋروپا مەركەزچىلىك تەلىماتىنىڭ ئۆزۈمچىللىك خاھىشلىرى بىلەن مۇئەييەن كەمسىندۈرۈشلىرى سىڭگەن ئاتالغۇلار ئىدى.[2] ۋاھالەنكى، كېيىنكە دەۋرلەرگە كەلگەندە، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئۆزلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان سەرخىللار ۋە زىيالىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياۋروپالىقلار ياساپ بەرگەن ئاشۇ «شەرق» ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلدى.

يېقىنقى زامان ياۋروپاسىنىڭ يەلكەنلىك كېمىلىرى ئۇزاقتىكى ئەللەرگە ئۆزىنىڭ پورۇخ ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان تېخنىكىلىق ئىختىرالىرى بىلەن بىرگە يەنە «مىللەت»، «مىللىي دۆلەت» قاتارلىق ھازىرقى زامان ئۇقۇملىرىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەزەرىيەلىرىنىمۇ ئېلىپ كىردى. 500 يۈز يىلدىن بۇيان ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ ھامىلىقىدا

(1) Edward Said, Orientalism, Vintage Books, 1978
(2) Edward Said, Orientalism, Vintage Books, 1978

تۈرۈپ، ئىستانبۇلدىكى خەلىپىگە بىردەك ئىتائەت قىلىپ كەلگەن ئەرەبلەر ئىنگلىزلارنىڭ سىياسىي ئويۇنى ۋە مىللەت ھەققىدىكى يالتىراق ئۇقۇملىرىدىن مەستخۇش بولۇپ، قەلبىدە بىردىنلا ئەرەب مىللىيەتچىلىكى ئويغاندى: نېمە ئۈچۈن ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزى بۇرۇنقىدەك مەككە، مەدىنە، باغداد ياكى دەمەشقتە بولماي ئىستانبۇلدا بولىدۇ؟ نېمىشقا ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى ئەرەب بولماي تۈركتىن بولىدۇ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا يېزىلماي، بەلكى يات تىل بولغان ئوسمانلى تۈركچىسىدە يېزىلىدۇ؟..... ياۋروپا ئىمپېرىيالىزىمىنىڭ مىللەت ۋە ئىرقچىلىق نەزەرىيەلىرىدىن ئوزۇق ئالغان ئەرەب مىللىيەتچىلىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھامىسى بولغان ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۆلىنى كولىدى. ئەرەب مىللىيەتچىلىكى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ۋاھابىزىم ئېقىمى تۇتاشتۇرغان بىر قاتار ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئۆز زېمىنلىرىنى ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ ھامىلىقىدىن بىر - بىرلەپ «ئازاد» قىلىپ ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەرەبلەر ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ زەئىپلىشىۋاتقانلىقىدىن خوش بولۇشۇپ قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈشىۋاتقان، تارىختىكى ئۇمەييە ياكى ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ سەلتەنەتلىرىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى كۆرۈۋاتقان پەيتتە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە سۈۋەيش قانىلىنى ئېچىپ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىستراتېگىيەلىك زور ئۇتۇمغا ئېرىشتى. ئوسمانلى سۇلتانلىقى نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان كۈن چىقىشتىكى سىرلىق ئەللەرنىڭ بايلىقىغا كۆز تىكىپ كېلىۋاتقان ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسىياغا بارىدىغان قۇرۇقلۇق يولىنى توسۇپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ياۋروپانىڭ يەلكەنلىك كېمىلىرى ئافرىقا قۇرۇقلىقىنى بويلاپ ئۈمىد تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۇزۇن مۇساپىلەر ئارقىلىق ئاندىن ھىندى ئوكيانىغا چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئەرەبلەرنىڭ ئىنگلىزلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۆز دىنىي قېرىندىشى بولغان تۈركلەرنىڭ ھامىيلىقىدىن قۇتۇلۇش ئىستەكلىرى ياۋروپاغا تېپىلغۇسىز پۇرسەت بەردى. بارغانسېرى ماغدۇرىدىن كېتىۋاتقان ئوسمانلى سۇلتانلىقى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى كرىزىستىن قۇتۇلۇش غېمىدا تىپىرلاپ تۇرغان پەيتتە «قۇياش پاتماس» برىتانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ زور تىپتىكى پاراخوتلىرى سۈۋەيش قانىلى ئارقىلىق قىزىل دېڭىزغا كىرىپ مەككە - مۇكەررەمەنىڭ بويلىرىدىن زەپەر گۈدۈكلىرىنى چېلىپ ئۆتىدىغان بولدى. دەرھەقىقەت، ياۋروپانىڭ ھازىرقى زامان «مىللەت» ئۇقۇمى ھەققىدىكى يالتىراق نەزەرىيەلىرى ئۇزاق مەزگىللىك

زەئىپلىك نەتىجىسىدە دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن يىراقلاپ كەتكەن خەلقلەر ئارىسىدا ئۇنۇم كۆرسەتتى. ياۋروپا بىر چاغلاردا ئىككى پاختەكنى تەڭلا سوقتى. ئۇلار تەرىپىدىن ئەرەب رايونلىرىغا ھەدىيە قىلىنغان مىللىيەتلىك سېھرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە قانات يايغان ئەرەب مىللىيەتچىلىكى ئەرەبلەرگە تارىختىكى ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ ئالەمشۇمۇل سەلتەنەتىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈمىدىنى تۇرغۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلىشىپ ئوخشاش بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەرنى نەچچە ئونلىغان ئۇششاق دۆلەتلەرگە ئايرىپ مەڭگۈ بىرلىشەلمەيدىغان بۆلۈنمە ھالەتكە بەخشەندە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەرەب مىللىيەتچىلىكى ئارقىلىق ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ بېقىنىغا تىغ ئۇرغۇزۇپ مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇدرەتلىك ھامىيسى بولۇپ كەلگەن ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئۆلۈمىنى يىمىرىپ تاشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئەرەب ۋە تۈرك مىللىيەتچىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئىسلام ئېتىقادى ئارقىلىق چېگىلگەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي قېرىنداشلىق ۋە ئورتاق مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇلىرى غايىپ بولۇشقا باشلىدى. مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئىسرائىلىيەدىن ئىبارەت بىر قوزۇق پەلەستىنگە قېقىلىپ، يەھۇدىيلار بىلەن ئەرەب - ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان توقۇناق تۈگۈن بولۇپ قالدى.

ئىنگلىزلار ياۋروپا مەركەزچىلىك تەلىماتىنى ئۆزەك قىلغان مۇستەملىكىچىلىك نەزەرىيەسى بىلەن مىللەت، ئىرق ۋە مىللىي دۆلەت قاتارلىق تارتىش كۈچى زور بولغان چىرايلىق شۇئارلار بىلەن بېزەلگەن بىر يۈرۈش سىياسىي نەيرەڭلىرىنى ھىندىستان يېرىم ئارىلىغىمۇ ئېلىپ باردى. 1612 - يىلى بۈيۈك برىتانىيەنىڭ «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى» پورتۇگاللار بىلەن بولغان كەسكىن رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىپ، كالكۇتتا پورتىدا پۇت تىققۇدەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى. ئارقىدىنلا پۈتكۈل ھىندىستاننى كونترول قىلىپ تۇرغان بابۇرىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شۇ دەۋردىكى سۇلتانى جاھانگىردىن شەرقىي ھىندىستاندا ئەركىن سودا قىلىش ئىمتىيازىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ پەقەت «سودا شىركىتى» دېگەن نام بىلەن شەرقىي ھىندىستان قىرغاقلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەنگلىيە كۈچلىرى قەدەممۇ قەدەم ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بابۇرىيلار ھۆكۈمرانلىرى بىلەن سىياسىي ئىمتىياز تالىشىشقا باشلىدى. ئارىدىن يۈز يىللار ئۆتۈپ 18- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بابۇرىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى سەلتەنەتىنىڭ پەرەڭلەر تەرىپىدىن

تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ۋاقىتتا ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئالىقاچان شەرقىي ھىندىستاننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغانىدى. 1707 - يىلى سۇلتان ئەۋرەڭزەب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بابۇرىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرە چەمبىرىكىنى قەدەممۇ قەدەم كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە باشقا مۇستەملىكە رايونلىرىدىن ھاسىل قىلغان سىياسىي تەجرىبىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھىندىلار ئارىسىدا يېڭى مەنىدىكى مىللىيەتچىلىك كەيپىياتىنى قوزغاشقا تىرىشتى. بابۇر 1526 - يىلى ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇپ بابۇرىيلار ئىمپېرىيەسىنى تىكلىگەن 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىدىكى ھىندى، ئىسلام، بۇددا، سىك قاتارلىق تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ نەچچە يۈزلىگەن تىل ۋە دىئالېكتلاردا سۆزلىشىدىغان ھىندىستان خەلقى ئۆزئارا ئىناق - ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى گارمونىك كەيپىياتتا ياشاپ كەلگەنىدى. ۋاھالەنكى، ياۋروپالىق يېڭى ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك دورىلىرى ھەمدە مىللىيەتچىلىك يالتىراقلىرى ھىندى خەلقىگە بابۇرىيلار سۇلتانلىقىنىڭ «غەيرىي ھىندىلىق» ۋە «موغۇل - تۈركلۈك» خاراكتېرىنى تونۇتۇپ، يېڭى مەنىدىكى ھىندى مىللىيەتچىلىك ئېڭىنى پەيدا قىلدى. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشاش بولغان ئىرقىي ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا ئىگە ھىندىستان خەلقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىچكى بۆلۈنمىچىلىككە سۆرەپ كىرىپ ھىندى دىنىدىكىلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۇلغايتتى. مۇستەملىكىچىلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارقان ھىندىستان خەلقى ئەنگلىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن بازارغا سېلىنغان سىياسىي ئويۇنلار ۋە مىللىيەتچىلىك يالتىراقلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يېتىشكە باشلىغاندا، بابۇرىيلار سۇلتانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسى پۈتۈنلەي تارىيىپ دېلھىدىكى قىزىل قەلئەگە بەنت قىلىنغانىدى. 1857 - يىلى پارتلىغان ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مىللىي قۇتۇلۇش قوزغىلاڭلىرى شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە دائىرىلىرى بۇ ئىنقىلابنىڭ پەردە ئارقىسىدا بابۇرىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى باھادۇر شاھII بولۇشى مۇمكىن دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنى دېلھىدىكى قىزىل قەلئەدىن ھەيدەپ چىقىرىپ بېرمىغا سۈرگۈن قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بابۇرىيلارنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق تارىخىغا تولۇق خاتىمە بېرىلىدۇ. بابۇرىيلار سەلتەنەتىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولۇشى ھىندىستان خەلقىگە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان ھۆررىيەت دەۋرىنىڭ يېتىپ

كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەدى، بەلكى ھىندى ۋە گانگ دەريالىرى بويلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر دەرىجىدىكى يېڭى مۇستەملىكىچىلىك پاتقىقىغا چۆكۈپ بېرىۋاتقانلىقى ئايان بولدى. ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئورتا ئاسىيا داللىرىدىن جەڭگىۋار بىر كۆچ سۈپىتىدە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ھىندىستاننىڭ سىرلىق تۇپرىقىغا ھامىي بولغان بابۇرىيلار «سىرتتىن كەلگەن يات ھۆكۈمران» بولۇشقا قارىماي، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھىندى مەدەنىيەتنىڭ قوينىغا سىڭىپ كەتكەندى. ياۋروپا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «موغۇل» ئىمپىرىيەسى دەپ تەكىتلەنگەن بۇ سۇلالىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ناھايىتى تېزلا ھىندىلاشقان بولۇپ، ھىندىستاندىكى پارس تىللىق مەدەنىيىتنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىغا، ھىندۇئىزىم بىلەن ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك گارمۇنىك ھالىتىنىڭ يارىتىلىشىغا مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەندى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بابۇرىيلار ھىندىستاننى قوبۇل قىلغىنىدەك ھىندىستان خەلقىمۇ ئۇلارنى قوبۇل قىلغانىدى. بابۇرىيلارنىڭ ھىندىستاندىكى نەچچە يۈز يىللىق ھۆكۈمرانلىق تارىخى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھىندىستان مەدەنىيىتى قوينىغا ئۆزلىشىش، سىڭىشىش ۋە قوشۇلۇپ كېتىش تارىخى ئىدى. 1857 - يىلى بابۇرىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى باھادۇر شاھ II ئىنگلىزلار تەرىپىدىن دېلھىدىكى قىزىل قەلئەدىن ھەيدەلگىنىدە، ئۇلارنىڭ ھىندىستاندىكى قانۇنىي سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان پەقەتلا قانداشلىق جەھەتتىكى ئەمىر تېمۇر نەسلىگە تۇتۇشىدىغان قۇرۇق نەسەبنامىلىرىدىن باشقا ھېچقانداق غەيرى - ھىندىستانلىق بەلگىلىرى قالمىغانىدى. بابۇر ئۆز دەۋرىدە «لاتاپەت كەم بىر يەر»[3] دەپ تەسۋىرلىگەن ھىندىستاندا نەچچە ئون ئەۋلاد بابۇرىيلار سۇلتانلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئالەمشۇمۇل «لاتاپەت» لەر يارىتىلغانىدى. ئاگرادىكى تاج -مەھەل بىلەن دېلھىدىكى قىزىل قەلئەنى بابۇرىيلار سۇلتانلىرى سالدۇرغىنى بىلەن، بۇ ئاجايىپ لاتاپەتكە ئىگە تارىخىي قۇرۇلۇشلار بۈگۈنكى كۈندە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقانداق بىر مىللەتكە تەۋە يادىكارلىق بولماستىن، بەلكى ھىندىستاننىڭ سىمۋولى بولۇپ تۇرماقتا.

برىتانىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى بابۇرىيلارنىڭ قولىدىن ھىندىستاننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تولۇق ئۆتكۈزىۋالغاندىن كېيىن ئۆز دەۋرىدە بابۇرىيلارغا قارشى بازارغا سالغان ھىندى مىللىيەتچىلىك تەشۋىقاتلىرىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. «قۇياش پاتماس ئىمپېرىيە» نىڭ لوندوندىكى بىر توپ

(3) زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر، «بابۇرنامە»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 -يىل نەشرى، -570بەت

ئىستىراتېگىيەچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق ھەمدە ئافرىقادا ئېرىشكەن مۇستەملىكىچىلىك تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ھىندىستاندا يېڭى تىپتىكى مۇستەملىكە سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى. «ئۆزىنى قۇدرەتلىك كۆرسىتىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە مىللىي قەدرىيەت تۇيغۇسىنى يوقۇتۇش»، «بۆلۈپ باشقۇرۇش ۋە پارچىلاپ ئىدارە قىلىش»، «كىچىك مىللەتلەرنى دەي - دەيگە سېلىپ، ئاساسلىق يەرلىك مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆيدۈرۈش ۋە قۇربان قىلىش»، «ئوخشىمىغان دىن ۋە مەزھەپلەر ئارا ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ ئۆزئارا ماجىراغا سېلىش»، «مېڭە يۇيۇش، ئانا تىلدىكى تەپەككۇرنى سۇسلاشتۇرۇش، ساختا تارىخ يارىتىش ھەمدە تەشۋىقات ئارقىلىق قايمۇقتۇرۇش» تەك بىر قاتار سىياسىي نەيرەڭلەر دەل ئىنگلىزلارنىڭ ھىندىستاننى ئۆز قولىدا ئۇزاققىچە تۇتۇپ تۇرۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان مۇستەملىكىچىلىك تەجرىبىلىرى ئىدى. دەرۋەقە، شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالغۇدەك دەرىجىدىكى بۇ سىياسىي سېھرلەر ھىندىستاندا ئۈنۈم بەردى. ئارىدىن يۈزلەرچە يىللار ئۆتۈپ، 1947 - يىلىغا كەلگەندە برىتانىيە دائىرىلىرى ھىندىستاندىكى مۇستەملىكە ھاكىمىيەتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان كۈنلەردە جەنۇبىي ئاسىيادىكى بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەلدە تارىختا كۆرۈلمىگەن پاجىئەلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئىنگلىزلار ھىندىستاندىن ئايرىلغىنى بىلەن، بۇ يەردە كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەرنى ۋە توقۇناش تۈگۈنلەرنى تاشلاپ كەتتى: ھىندى دىنىدىكىلەر بىلەن ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلار ۋە سىكلار ئوتتۇرىسىدا ئايىقى چىقمايدىغان جېڭگى -جېدەللەر باشلاندى. تارىختا زادىلا بۆلۈنۈپ باقمىغان بۇ بۈيۈك ئەل بىردىنلا دىنىي ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە سۈنئىي سىزىلغان سىزىقلار بويىلاپ ھىندىستان، پاكىستان ۋە بېنگالدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى. ھىندى دىنىدىكىلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي چېگرالارنى ئايرىپ، ئايرىم - ئايرىم دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى توختىتىپ قالالمىدى. ئىنگلىزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ نەچچە ئون يىللار ئۆتۈپمۇ ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا نىسبەتەن كۆپ ئاھالە سۆزلىشىدىغان ھىندى تىلى ئىنگلىز تىلىنىڭ بۇ تۇپراقتا قالدۇرۇپ كەتكەن ھاكىملىق ئورنىنى ئىگىلىيەلمىدى. پورۇخ ھىدى ھەرۋاقىت پۇراپ تۇرغان كەشمىر رايونىنىڭ ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشىنىڭ ئەڭ سەزگۈر كۆزنىكى بولۇپ قېلىشى ھەمدە رايون خاراكتېرلىق قانلىق توقۇنۇشلارنىڭ ئىزچىل توختىماسلىقى، ھىندى دىنىدىكىلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ، سىك دىنىدىكىلەر بىلەن ھىندى ئېتىقادىدىكىلەرنىڭ، سىرىلانكىلىقلار بىلەن تامىللارنىڭ

مۇرەسسە قىلغۇسىز توقۇنۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئەنگلىيەلىكلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مۇستەملىكە جاراھەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى ئارقىلىق ئەنگلىيە خىتاينىڭ ئۇزاق مۇددەت يېپىق ھالەتتە تۇرغان دەرۋازىسىدىن توپ - زەمبىرەكلىرىنى گۇلدۇرلىتىپ بېسىپ كىرگىنىدە، ئوتتۇرا ئەقلىم (توزلەڭلىك) نىڭ دەريا لاتقىلىرىغا چىلىنىپ ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىككە تايىنىپ كۈن كۆچۈرۈپ كەلگەن خىتايلاردا تېخىچە ھاكىم مىللەت بولغان مانجۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، خىتايلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر مىللىي دۆلەت قۇرۇش غايىسى تۇرغۇزۇلمىغانىدى. خىتاينىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيىتى، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ زەئىپلىشىشى ھەمدە دۆلەت دىپلوماتىيەسىكى ئىقتىدارسىزلىقى بىر توپ غەرب ئىدىيەلىرى بىلەن بالدۇر ئۇچراشقان خىتاي سەرخىللىرىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغاتتى. بىرقانچە يۈز يىللاردىن بۇيان مانجۇلار قۇرغان مەنچىڭ سۇلالىسىنى خىتاينىڭ قانۇنىي ھاكىمىيىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ كەلگەن خىتايلار ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ زەمبىرەك سادالىرى ئىچىدىن غەربنىڭ مىللەت ۋە مىللىي دۆلەت ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرى بىلەن ئۇچراشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا خىتاي زىيالىلىرى ئارىسىدا «جۇڭخۇا مىللىتىنى قۇتقۇزۇپ، مىللىي دۆلەت بەرپا قىلىش» غايىسى بارلىققا كەلدى. مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىللىي دۆلىتىنى بەرپا قىلىش غايىسى خىتايچە ئەنئەنىۋي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان، كوڭزى ۋە مېڭزىلارنىڭ تەرىقىتىدىن ئوزۇقلانغان كونا زىيالىلار ئىچىدە ئەمەس، بەلكى غەربتە تەربىيە ئالغان ياكى غەرب ئىدىيەلىرى بىلەن بالدۇر ئۇچراشقان يېڭىچە خىتاي سەرخىللىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلدى. جۇڭخۇا مىنگو (خىتاي مىللىي دۆلىتى) نىڭ سىياسىي پروگراممىسى بولغان سۇنياتسېن (سۇنجۇڭشەن) نىڭ مەشھۇر «ئۈچ مەسلەك» (سانمىن-جۇيى) مۇ ئەمەلىيەتتە ئەنە ئاشۇ ئەجنەبىيچە تەربىيەلەنگەن خىتاي سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ غايىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. گەرچە 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان خىتايدا ئېلىپ بېرىلغان يېڭى تىپتىكى ئىنقىلابلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىدا غەرب ئىمپېرىيالىزمى ۋە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇش تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن «قوۋۇق سىرتى» دىن كىرىپ خىتايغا نەچچە يۈز يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن مانجۇ سۇلالىسىنى يوقىتىپ خىتايلارنىڭ مىللىي دۆلەتچىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەڭ ئاساسلىق مەقسەت قىلىنغانىدى. سۇنياتسېنىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغاش ھارپىسىدا سۆزلىگەن تۆۋەندىكى نۇتۇقلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى

دەلىللەيدۇ: «مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىشىمىز كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ياۋايى - باربار مانجۇلارنى چاڭبەيشەن تېغىغا قوغلىۋېتىشىمىز زۆرۈر. ياۋايى قەۋمىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھاكىممۇتلەق، رەزىل ۋە چىرىگەن مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرىۋېتىشىمىز زۆرۈر. قېرىنداشلار، ئىنقىلاب – مانجۇ ھاكىمىيىتىنى تەل-تۆكۈس يوق قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل!...»[4] سۇنياتسېنىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغاشتىكى تۈپ سىياسىي پروگراممىسى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خىتاي مىللىيەتچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغانىدى. يەنە كېلىپ بۇ ئىدىيە ئۇنىڭ مەشھۇر «ئۈچ مەسلەك» نىڭ بىرىنچىسى بولغان «مىللىي مەسلەك» (مىللىيەتچىلىك) قىسمىدا تېخىمۇ چوڭقۇر دەرىجىدە ئورۇن ئالغانىدى.

شىنخەي ئىنقىلابى گەرچە مەنچىڭ سۇلالىسىنى غۇلىتىپ، ۋاقىتلىق جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تىكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا مىللىي دۆلىتىنى بەرپا قىلالمىدى. ئەكسىچە ھەرقايسى ئۆلكە - رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يەرلىك مىلىتارىستلار ئۆز ئالدىغا بۆلۈشىۋالدى. بۇنداق بۆلۈنمە ۋەزىيەت تاكى 1928- يىلى مىللىيەتچى پارتىيە (گومىنداڭ) قىسمەن ھالدا خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرگىچە داۋاملاشتى. شىنخەي ئىنقىلابى مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خىتايدىكى تەسىر دائىرە رايونلىرى (كونسېسسىيەلەر) ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىنى يوق قىلالمىدى. شىمالدا لياۋدوڭ يېرىم ئارىلىدىن جەنۇبتا خەينەن ئارىلىغىچە بولغان دېڭىز بويى رايونلىرىدا رۇسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تەسىر دائىرە رايونلىرى ساقلىنىپ قېلىۋەردى. غەربنىڭ مىللەت ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە نەزەرىيەلىرىدىن ئىلھاملانغان خىتاي مىللىيەتچىكى پەقەتلا خىتاينىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىدىن مانجۇلارنى سىقىپ چىقاردى، خالاس.

شىنخەي ئىنقىلابى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتى

(4) جى چيۇفېڭ (計秋楓)، زۇ گۇا باۋ (朱慶葆)، جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى (中國近代史)، خوڭكوڭ: جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1-توم، 468-بەت.

"مۇسۇلمانلار" (回民، 穆斯林) دەپ ئايرىلغان بۇ مىللىي-ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ ئېنىقلىمىسى مۈجمەل بولۇپ، ئۇنىڭ كونكېرت ھالدا ئىچكى خىتايدىكى تۇڭگانلارنى ياكى خىتاينىڭ غەربىي چېگراسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

سۇنياتسېن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك جۇڭخۇا مىللىيەتچىلىكىنىڭ مۇكەممەل دۆلەت ئوتۇپىيەسى بولالمىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى بايرىقىغا بېرىلگەن ئوخشاش بولمىغان بەش خىل رەڭ ئەمەلىيەتتە خىتايدىكى بەش چوڭ مىللىي - ئېتنىك تۈركۈم – خىتايلار، مانجۇلار، موڭغۇللار، تىبەتلەر ۋە مۇسۇلمانلارنى بىرلىككە كەلگەن چوڭ دۆلەت گەۋدىسىگە ئۇيۇشتۇرالمىدى. ھەرقايسى ئېتنىك - مىللىي تۈركۈملەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان فېدېراتسىيە تۈزۈمىنىمۇ بەرپا قىلالمىدى. تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىللىق جاكارلاپ بۆلۈنۈپ چىقتى، ئىچكى موڭغۇلمۇ تەۋرىنىپ قالدى. تىبەتلەر ئۆز ئالدىغا دالاي لامانى ھىمايە قىلدى. ئۇيغۇر ئېلى مەنچىڭ زامانىسىدىن قالغان يەرلىك مىلىتارىستلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ، نامدا مەركەزگە تەۋەدەك قىلسىمۇ لېكىن ئۆز ئالدىغا «مۇستەقىل پادىشالىق» ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. مانجۇلار جۇڭخۇا مىللىيەتچىلىكىنىڭ ئەڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچراپ ھاكىمىيەتتىن ئۈزۈل - كېسىل چەتنەشتۈرۈلدى. ئۇلار 1930 - يىللاردا ياپونلارنىڭ يۆلىشى بىلەن شەرقىي - شىمالدىكى ئەسلى تۇپرىقىدا مانجۇرىيە دۆلىتىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياپونىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن بىرگە دۆلەتچىلىك چۈشلىرىمۇ توزاندەك توزۇپ كەتتى. ئۆز دەۋرىدە سەددىچىندىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئۆزلىرىنىڭ ئاز كەم 300 يىلغا سوزۇلغان مەنچىڭ سۇلالىسى زامانىدا خىتاي تېررىتورىيەسىنى تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ دائىرىگە يەتكۈزگەن مانجۇلار شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تارىخ سەھنىسىدىن ئىز - تىزسىز غايىب بولدى.

جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۆزىنىڭ چېگرا رايون ۋە مىللەتلەر سىياسىتى، تېررىتورىيە ۋە زېمىن پۈتۈنلىكى قاتارلىق بىر يۈرۈش زور مەسىلىلىرىنى ئويلىشىشقا باشلىغان چاغدا ئىچكى ۋە تاشقى ئۇرۇش كىرزىسىغا دۇچ كەلدى. ياپونلارنىڭ خىتايغا بېسىپ كىرىشى ھەمدە ئىچكى جەھەتتە كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ قول - پۇتىنى چۈشەپ، چېگرا رايونلار ۋە مىللەتلەر مەسىلىسىدە «نامى ئۇلۇغ، سۇپۇرىسى قۇرۇق» خوجايىن قىلىپ قويدى. ئامالسىز قالغان جاڭ كەيشى 1943- يىلى 3 - ئايدا «خىتاينىڭ تەقدىرى» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلدى ھەمدە كىرىزىس قاينىمىغا پېتىپ قالغان خىتايدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى» نى يارىتىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنىڭ نەزەرىيەسىنى بازارغا سالدى. ئۇ مەزكۇر كىتابىنىڭ بىرىنچى بابىدا «خىتاي تارىخىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ كېلىپ

چىقىشى قانداشلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بىرلا جۇڭخۇا نەسلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇلار ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋر ۋە ئوخشىمىغان جۇغراپىيەلىك رايونلاردا جۇڭخۇا قانداشلىق نەسلىنىڭ مۇئەييەن پەرقلىرىنى ھاسىل قىلغان تۆرلۈك قەۋملەر سۈپىتىدە ئاتىلىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېگى - تەكتى بىرلا جۇڭخۇا نەسلىگە تۇتۇشىدىغان قانداش قېرىنداشلاردۇر.»[5] دەپ يازىدۇ. جاڭ كەيشىنىڭ «جۇڭخۇا مىللىتى» ھەققىدىكى نەزەرىيەسى موڭگولوئىد تىپىدىكى موڭگوللار بىلەن مانجۇلارنىڭ، يېرىم ھىندى ئىرقىغا مەنسۇپ تىبەتلەرنىڭ ھەمدە كاۋكاز ئىرقىغا مەنسۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئورتا ئىقلىمدىكى سېرىق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ خۋاشيا (华夏) نەسلىدىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم ئىرقىي - قانداشلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە كۆز يۇمغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ سىياسىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان «جۇڭخۇا مىللىتى» ھەققىدىكى ئاساسسىز نەزەرىيەلىرى بازار تاپالمىدى، مۇرەككەپ ھەم چىگىش بولغان مىللەتلەر مەسىلىسىنى تېخىمۇ ھەل قىلالمىدى.

1949 - يىلى خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ «مىللەت» ۋە «مىللىي تىل» مودېلىدىن ئۈلگە ئېلىپ، خىتايدىكى ئاساسلىق ئاھالە بولغان خىتايلاردىن باشقا ئېتنىك - مىللىي تۈركۈملەرنى 55 مىللەتكە ئايرىدى ھەمدە ئۇلارنى خىتايلارغا نىسبەتەن «ئاز سانلىق مىللەت» دېگەن نام بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇددى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى «سوتسىيالىستىك سوۋېت مىللىتى» (سوۋېت ناتسىيونالىتى) دېگەن ئۇقۇمنى يارىتىشقا تىرىشقىنىدەك، كوممۇنىست خىتايدىمۇ «جۇڭخۇا مىللىتى» (چىنەسە ناتسىيون) ئۇقۇمى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىپ كەلدى.

شەك-شۈبھىسىزكى، رۇس خەلقىنىڭ مىللىيەتلىك ئېڭى پېتېرI نىڭ غەربىي ياۋروپاغا قىلغان تەكشۈرۈش خاراكتېرلىق ساياھىتىدىن كېيىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىغان. قەلبىگە قۇدرەتلىك رۇس ئىمپېرىيەسى قۇرۇشنىڭ تەسەۋۋۇرىنى پۈككەن 25 ياشلىق ياش پېتېر بۇ قېتىملىق سەپىرىدە گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەردە 18 ئاي تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ياۋروپانىڭ زامانىۋىي قۇرال - ياراغ ياساش تېخنىكىسى، كېمىسازلىق ھەمدە باشقا يېڭى

(5) جاڭ كەيشى: «خىتاينىڭ تەقدىرى » (中国之命运)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1943 -يىل 3 - ئاي نەشرى

تېپتىكى ھۈنەر - تېخنىكىلارنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ ياۋروپا ساياھىتىدىن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رۇسىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنى باشلايدۇ.[6] بۇنىڭ نەتىجىسىدە پېتېرI ئەڭ ئالدى بىلەن ئىلغار قۇراللار بىلەن قۇراللانغان رۇس ئارمىيەسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ھەمدە شەرقتە ۋولگا ۋە ئۇرال دەريالىرى، جەنۇبتا قارا دېڭىز تەرەپكە قاراپ زېمىن كېڭەيمىچىلىكى ئېلىپ بارىدۇ. رۇسلارنىڭ شەرققە قاراپ شىددەتلىك كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تاتار خانلىقلىرىغا ئەجەل سىگنالى چالىدۇ. 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە چار رۇسىيە ئارمىيەسى ئارقا - ئارقىدىن قازان ۋە ئاستىراخان خانلىقلىرىنى مۇنقەرز قىلىدۇ. 1783- يىلىغا بارغاندا رۇسىيە ئارمىيىسى يەنىمۇ جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ ھىمايىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قىرىم تاتار خانلىقىنى يوقۇتۇپ، ئۆز تېرىتورىيەسىنى قارا دېڭىز بويىغا تۇتاشتۇرىدۇ. بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان رۇس ئارمىيەسىنىڭ ئۆزىگە قوشنا بىرقانچىلىغان مۇسۇلمان خانلىقلىرىنى مۇنقەرز قىلىشى، ھەتتا قۇدرەتلىك ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ قارا دېڭىز ۋە كاۋكاز رايونىدىكى ھەربىي كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشى چار رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە رۇس مىللىيەتچىلىكىنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى. ئۇلار ئۆزلىرى مۇنقەرز قىلغان تاتار تۇپراقلىرىدىكى مۇسۇلمان قەۋملىرىگە شەپقەتسىزلەرچە مۇستەملىكىچىلىك سىياستى يۈرگۈزىدۇ ھەمدە ئاسسىمىلياتسىيە ئېلىپ بارىدۇ. چار رۇسىيە 1552 - يىلى قازان خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن تارتىپ تاكى ئايال پادىشاھ يېكاتېرىناII تەختكە چىقىپ تاتارلارغا قاراتقان قاتتىق قوللۇق ئاسسىمىلياتسىيە سىياستىنى يۇمشاتقانغا قەدەر بولغان ئىككى ئەسىرگە يېقىن جەرياندا تاتارلار ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ كۈلپەتلىك يىللارنى ئۆتكۈزىدۇ. قازان، ئاستىراخان ۋە قىرىم رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان جىددىي رەۋىشتىكى «رۇسلاشتۇرۇش »، «خىرىستىيانلاشتۇرۇش» ھەمدە تاتارلارنىڭ مىللىي ۋە سىياسىي تەسىرىنى تازىلاش مەقسەت قىلىنغان «تاتارسىزلاشتۇرۇش» سىياسەتلىرى چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركىي تىللىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار رايونىغا كېڭىيىشتىكى ئالدىنئالا ئېلىنغان سىياسىي ئىستراتېگىيەلىرى بولۇپ قالىدۇ.[7]

(6) Hans Almgren, Börje Bergström & Arne Löwgren, Alla tiders historia Maxi (Qisqiche Dunya Tarixi), Malmö: Gleerups, 2001, ss. 168-169

(7) گاۋەن ھامبلي، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى (Central Asia)، بېيجىڭ: سودا نەشرىياتى، 1994 -يىل خىتايچە نەشرى، 260-250 -بەتلەر.

ئوسمانلى سۇلتانلىقى رۇس ئىمپېرىيەسى بىلەن كاۋكاز ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قاراپ كېڭىيىش ئۇرۇنۇشلىرىنى چەكلەپ قالالمىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە رۇس ئارمىيەسى گويا توسمىنى بۆسۈپ ئۆتكەن كەلكۈندەك ئۇرال تاغلىرىدىن بىمالال ھالقىپ ئۆتۈپ قارانچۇقسىز قالغان بىپايان سىبىرىيە داللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قەدەم باستى. بۇ ۋاقىتتا غەرب تەرەپتىكى ياۋروپا كۈچتۈڭگۈرلىرىمۇ، زەئىپلىشىشكە باشلىغان ئوسمانلى سۇلتانلىقىمۇ ياكى ئۇلۇغ ئوكيانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىمۇ جۇغراپىيەلىك ئۇزاقلىق ۋە گېئو -پولىتىك بىپەرۋالىق سەۋەبىدىن رۇسىيەنىڭ شىددەتلىك زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنى توسمىدى. چار رۇسىيە شۇ تەرىقىدە كېڭىيىپ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەك قىسمىنى ئۆز تېررىتورىيەسىگە ئايلاندۇرىۋالدى. رۇس ئارمىيەسى بېرىنگە بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ئالاسكىنى ئىگىلەپ شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا تەھدىت پەيدا قىلغان چاغدىلا ئاندىن ئامېرىكا ھەرىكەتكە كېلىپ قانچىلىك بەدەل كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر ئالاسكىنى سېتىۋېلىپ، رۇسلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى ئاسىيا قىتئەسى بىلەن چەكلەشكە تىرىشتى. «قۇياش پاتماس ئىمپېرىيە» دېگەن نامى بار بۈيۈك بىرىتانىيەمۇ رۇس ئارمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىپ پامىر ئېگىزلىكىگە قىستاپ كەلگەندىلا ئامالسىزلىقتىن ئافغانىستاننى ئارىلىق دۆلەت قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى مۇستەملىكە تېررىتورىيەسىنى مۇداپىئە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مېيجى يېڭىلىقتا كۆچۈش ھەرىكىتىدىن كېيىن يېڭى بىر كۈچ سۈپىتىدە قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان ياپونىيەمۇ چار رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرى بىلەن ئۆزىگە قوشنا ساخالىن ئارىلىنى ئىگىلەپ ياپون دېڭىزىغا تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا ئاندىن ئۇرۇشقا تەييارلاندى. بارغانسېرى زەئىپلىككە پېتىپ، دۆلەت دىپلوماتىيەسىدىكى ئىقتىدارسىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان مەنچىڭ سۇلالىسىمۇ ئۆزىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ۋە غەربىي - شىمالىي چېگرالىرىنىڭ رۇس كۈچلىرى تەرىپىدىن خالىغانچە مۇداخىلە قىلىنىشىغا سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى......

سىياسىي قارا نىيىتى زادىلا قانمىغان مۇشۇنداق بىر مۇستەبىت مىللەت ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي پۇرسەتتە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شىمالىي مۇز ئوكيانىغا سوزۇلغان بىپايان بوز داللىرىدا يۇزلىگەن مىللەت - قەۋملەرنى ئۆزىگە قارام قىلىپ كېلەڭسىز بىر ئىمپېرىيەنى قۇرۇپ چىقتى.

ئۆز تۇپراقلىرىنى كېڭەيتىش ۋە زېمىن ئىگەللەشنى دۆلەت قۇدرىتىنىڭ نىشانى قىلغان شۇنداقلا دۇنياۋىي ئىمپېرىيەلەر ئىچىدە ئىنگلىزلاردەك ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىك ياكى خىتايلاردەك جىمجىت سىڭدۈرۈۋېلىش ئەندىزىسىگە ئوخشىمىغان ھالدا تۇپراق ئىستىلاچىلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان رۇسلار يېقىنقى زامان دۇنيا گېئو - پولىتىكا تارىخىدىكى چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان سۇئال بەلگىسى بولۇپ قالدى. رۇس مۇتەپەككۇرى بېردىيايېۋ ئۆزىنىڭ «رۇس روھى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «رۇس دېگەن نېمە؟ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رۇسلار مەڭگۈ يەشكىلى بولمايدىغان بىر سىر. رۇسلار زىددىيەتلىك، قوش بىسلىق ۋە مۇرەككەپ بىر مىللەت. رۇس روھىنى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر تەلىمات بىلەنمۇ تەلتۆكۈس چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. رۇسىيەدە ھەرقانداق بىر نەرسە سىياسىنىڭ قۇرالىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رۇس خەلقى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قۇرالنى، يەنى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ چىقتى. ھەرقانداق بىر تارىخ پەلسەپىسى، مەيلى ئۇ سلاۋيانچە ياكى غەربىي ياۋروپاچە بولسۇن، مۇنداق بىر قىيىن مەسىلىنى يېشىپ بېرەلىشى ناتايىن: نېمە ئۈچۈن دۆلەت ئۇقۇمى ئەڭ كەمچىل بىر مىللەت مۇشۇنداق قۇدرەتلىك دۆلەت ئاپپاراتىنى قۇرۇپ چىقالىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئەڭ ھۆكۈمەتسىز بىر مىللەت مۇشۇنداق بىيۇكرات ھۆكۈمرانلىققا بويسۇنۇپ كەلدى؟»[8] رۇس روھىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرگەن بېردىيايېۋ، رۇسلارنىڭ ئىرقىي ۋە بەدەن تۈزۈلمىسى جەھەتتىن ياۋروپائىد ھېسابلانسىمۇ، لېكىن مەنىۋىيەت ۋە خاراكتېر جەھەتتىن يەنىلا غەيرى-ياۋروپائىد تۈركۈمدىكى ئىنسانلار تىپىدىن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. «رۇسىيە ئالاھىدە بىر دۆلەت. ئۇ دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەتكە ئوخشىمايدۇ. رۇسلار تېخى ھەقىقىي يوسۇندا ياۋروپا ھاياتىغا كىرەلىگىنى يوق. خەلقئارا مۇھىت ۋە ياۋروپا چەمبىرىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رۇسىيە يەنىلا يىراقتىكى روھىي كۆتۈرۈلۈشكە ئېرىشەلمىگەن، چەت ھەم بېكىك تۇپراق ھېسابلىنىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، رۇسلارنىڭ روھىي ئېنېرگىيەسى تېخىچىلا ياۋروپا مەدەنىي ھاياتىنىڭ بىر قىسمى بولالمىدى. ياۋروپاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رۇسلار يەنىلا مۇئەييەن شەرق پۇرىقىغا ئىگە، كىشىگە يات ۋە يوچۇن تۇيۇلىدىغان، ياۋايى تەبىئىتى تامامەن تۈگىمىگەن سىرلىق تەسىرات بېرىدۇ... ياۋروپانىڭ ئالدىدا رۇسلار مەڭگۈ ئۆزلۈكى ۋە مىللىي خاسلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان، ياۋروپاچە مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى قوغلىشىدىغان

(8) بېردىيايېۋ، «بېردىيايېۋ ئەسەرلىرى توپلىمى»، شاڭخەي يىراق شەرق نەشرىياتى، 1999-يىل خىتايچە نەشرى، 8-5 - بەتلەر

غەيرىي - ياۋروپا ھادىسىسىدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شەرقچە ھەم ئاسىياچە ھادىسىدۇر.»[9]

رۇسلار غەربتە بالتىق دېڭىزى بويلىرىدىن شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيانغىچە، شىمالدا مۇز ئوكيان قىرغاقلىرىدىن جەنۇبتا پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىپايان تۇپراقلارنى ئىستىلا قىلىپ كېلەڭسىز بىر ئىمپېرىيەگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۆز تېرىتورىيەسىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن مىللەتلەرنى ئۇزاققىچە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. رۇسلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىسلام ئېتىقادىنى ئۆز مىللىي كىملىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنى ھېسابلايدىغان تاتارلار ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلار مەسىلىسى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى ساقلاشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىدى. قىرىم ۋە قازان خانلىقلىرى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىل مابەينىدە، گەرچە رۇسلار زورلۇق كۈچ بىلەن تاتارلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە ئۆزگە سىڭدۈرۈۋېلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاتارلارنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى تەلتۆكۈس سۇندۇرالمىغانىدى. تېرىلغۇ يەرلىرىدىن ئايرىلىپ، شەھەرلىرىدىن قوغلانغان تاتار ئاقسۆڭەكلىرى ئاستا - ئاستا تىجارەت يولىنى تۇتۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى غايەت زور سودا گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ چار رۇسىيە قازاق دالاسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىنى تولۇق ئىستىلا قىلغۇچە بولغان بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تاتار سودىگەرلىرى ئىچكى رۇسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ۋاستىچىلىق رولىنى ئويناپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن رۇسىيە دائىرىلىرى يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان مۇسۇلمانلار رايونىدا تاتارلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاشقا قانچىلىك ئۇرۇنۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تاتار سەرخىللىرى ياققان جەدىدچىلىك مەشئىلىنىڭ نۇرىنى توسۇپ قالالمىدى. 19- يۈزيىلنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان، خىۋە ۋە بۇخارا خانلىقلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، قازاقلار ئارىسىدا ئالىقاچان يولغا قويغان «تاتارسىزلاشتۇرۇش» لاھىيەسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى. چۈنكى رۇسلار ئىسلام ئەقىدىسى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان قازاقلار ئارىسىدا تاتار مائارىپ ئىدىيەلىرىنىڭ تەسىرىنى چەكلەپ تامامەن رۇسلاشقان پېداگوگىكا ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشكەنىدى.

(9) بېردىيايېۋ، يوقىرىقى ئەسەر، 4-3 -بەتلەر

رۇسچە مەكتەپلەردە ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان چوقان ۋەلىخانوف (1835-1865)، ئىبراي ئالتىنسارىن (1845-1889) قاتارلىق يېڭى ئەۋلاد قازاق سەرخىللىرى تاتار بىلىم ئادەملىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ كېلەچىكى ۋە چىقىش يولىنى رۇس ئىمپېرىيەسى يول قويغان ئىمكانىيەت ئىچىدىن ئىزدەشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

ۋاھالەنكى، رۇسلارنىڭ ئورتا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنى تاتار سەرخىللىرىنىڭ تەسىرىدىن چەتنەشتۈرۈش ھەمدە يېڭىدىن بىخ سۈرۈۋاتقان تۈركلۈك غايىلىرىدىن يىراقتا تۇتۇش ئۇرۇنۇشلىرى ئۈنۈملۈك كۈچ كۆرسىتەلمىدى. ئىسمايىل غاسپىرالىنىڭ باغچاسارايدىن ياڭرىغان جەدىدچىلىك (يېڭىلاش) چاقىرىقى قىرىمدىن كافكازغىچە، ئورتا ئاسىيا ۋە ئافغانىستاندىن ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگىچە بولغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر تۇپراقلىرىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. «تىلدا، پىكىردە ۋە ئىشتا بىرلىك» شۇئارى ئۆز كېلەچىكى ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان ئورتا ئاسىيا سەرخىللىرىغا تۈركلۈك مىللىيەتپەرۋەرلىكى ۋە مىللىي مەپكۇرىسىنىڭ پروگراممىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

1917- يىلىدىكى بولشېۋىكلار ئىنقىلابى تاتار ۋە ئورتا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ رۇسىيە ئىمپېرىيەسى گەۋدىسى ئىچىدە ئالدى بىلەن «مۇسۇلمانلار فېدېراتسىيەسى» ياكى «تۈركىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى» كەبى بىرلەشمە مۇختارىيەت بەرپا قىلىش غايىسىنى يوققا چىقاردى. يېڭىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان بولشېۋىكلار پارتىيەسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى لېنىننىڭ كوممۇنىزىم مەپكۇرىسىنى چىقىش قىلغان مىللەتلەر سىياستى ئاساسىدا ھەل قىلىش يولىنى تۇتتى. ياۋروپا كۈچتۈڭگۈرلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئىگىلەش جەريانىدا بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر ئارىسىدا سۈيئىستېمال قىلىپ مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشكەن مىللىيەتچىلىك نەزەرىيەلىرى لېنىننىڭ قىزىل رۇسىيەسىدە كوممۇنىزىم يالتىراقلىرى بىلەن بېزىلىپ بازارغا سېلىندى. قىرىم، قازان، كافكاز ۋە ئورتا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىل ھەمدە قان - قېرىنداشلىق جەھەتتىن تۈركلۈك بىرلىكىگە ياكى ئورتاق ئىسلام ئېتىقادى ئاساسىدا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشۇپ بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن بولشېۋىكلار رۇسىيەسى جىددىي تۈردە يېڭى ئۇسۇل - تاكتىكىلار ئۈستىدە ئىزدەندى. ۋەزىيەتنى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئورتا ئاسىيادا يېڭىدىن تىكلەنگەن بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغىچە مۇسۇلمانلارغا «ئالىي مۇختارىيات» ياكى «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش» ۋەدىسىنى بەرگەن لېنىن ئۇلارنىڭ

تەلەپلىرىگە ۋاقىتىنچە بىر مەھەل سۈكۈت قىلدى. ئەمما 1922 - يىللاردىن باشلاپ رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنى ئېتنىك تۈركۈملەر بويىچە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش ئىستىراتېگىيەسىنى يولغا قويىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا سەرخىللىرىنىڭ ئىلگىرىكى «مۇسۇلمانلار فېدىراتسىيەسى» ياكى «تۈركلۈك بىرلىكى» قۇرۇش غايىلىرى «پان-ئىسلامىزىم» ۋە «پان-تۈركىزىم» قالپاقلىرى بىلەن ئەيىپلەندى.

مىللەت ۋە مىللىيەتچىلىك نەزەرىيەلىرى لېنىن ۋە ستالىنلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ماركسىزىم تونى بىلەن بېزىلىپ، رۇس مەنپەئىتىگە تامامەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ئاساستا شەرھىلەندى. مۇستەملىكىچىلىك تارىخىدىكى «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش»، «چوڭ مىللەتنى كىچىك مىللەتنىڭ قولى بىلەن باشقۇرۇش»، «يەرلىك مەھەللىۋي پەرقلەرنى كۆپتۈرۈپ، ئورتاق مەدەنىيەت گەۋدىسىنى پارچىلاش» تەك بىر قاتار ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىلىرى بولشېۋىكلارنىڭ قىزىل رۇسىيەسىدە چىرايلىقناملار بىلەن بازارغا سېلىندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا قىسقىغىنە بىرقانچە يىلدا نەچچە يۈزلىگەن «مىللەت» ۋە «ئېتنىك تۈركۈم» لەر سىياسىينىڭ ئېھتىياجىدىن يارىتىلدى. ئاتالمىش «مىللىي ئەدەبىي تىل» لار سۈنئىي رەۋىشتە بەرپا قىلىندى. 1920 - ۋە 1930 - يىللاردا تاتارلارنىڭ تارىخىي ۋەتىنى قىرىم ۋە قازاندىن ئىبارەت ئىككى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە ئايرىۋېتىلدى ۋە ئارىلىقى بىر - بىرى بىلەن تۇتاشمايدىغان جۇغراپىيەلىك پاسىل ھاسىل قىلىندى. ئىلگىرى تاتارلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان باشقۇرت ۋە چۇۋاشلارمۇ ئايرىم - ئايرىم ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەرگە بۆلۈۋېتىلدى. چار پادىشاھ دەۋرىدە تۈركىستان گوبېرناتورلىقى (ئۆلكىسى) نامى بىلەن بىر تۇتاش ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئېتنىكناملارنى ئاساس قىلغان ھالدا چوڭ - كىچىك بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە ئايرىۋېتىلدى. نوپۇسىنىڭ زىچ بولۇشىغا قارىماي تۇپراقلىرى قىسلىچلىقتا قالغان ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە ھەتتا قاراقالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلدى. كافكاز رايونىمۇ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشىنىڭ ئالاھىدە مىللىي تەركىبىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشىغا قارىماي بىرقانچە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە ۋە ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە بىرقانچىلىغان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەرگە ئايرىلىپ تاشلاندى. شۇنداق قىلىپ، كېيىنكىلەردىكى بولشېۋىك ئىستىراتېگىيەچىلىرى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن رۇس ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى مۇستەملىكە تۇپراقلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلقلەرنى گويا سېھىرگەرلەر ئەپسۇن ئوقۇپ «قۇتىنىڭ ئىچىدىكى قۇتىغا بەنت قىلىۋەتكەن سىرلىق ئۈزۈك» تەك سوۋېت سىستېمىسىنىڭ مۇستەبىت گەۋدىسىگە

زەنجىرلىۋالدى. سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىچىدە نەچچە ئونلىغان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلار ئەنە شۇنداق زەنجىرسىمان سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئاجرىتىۋېتىش قىيىن بولغان ئۇششاق ھالقىلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. لېنىن ۋە ستالىنلار تەرغىپ قىلغان «سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ھوقۇقى ماركسىزىمنىڭ ماركسىنى چاپلىغان، رۇس سىستېمىسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئەنە شۇنداق تەرىقىدە ھەل قىلىندى...

بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ماركسىزىم يالتىراقلىرى بىلەن بېزەلگەن مىللەتلەر سىياستى ئىلى - يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئاپتونومىيە ياكى مۇختارىيەتكە ئېرىشىشنىڭ ئۈمىدىنى پەيدا قىلدى. 1918 - يىلىدىكى «ئاتۇ پاجىئەسى» دىن كېيىن، ئابدۇللا روزىباقىيېف باشچىلىقىدىكى يېڭى ئەۋلاد ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، سوۋېت بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىدىن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئېلىش ئىشىنى كۈنتەرتىپكە قويىدۇ. ئورتا ئاسىيادا بولشېۋىكلار تەرىپىدىن ھەرقايسى مىللىي ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ چېگرا سىزىقلىرى جىددىي رەۋىشتە سىزىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇيغۇر سەرخىللىرى پەرغانە ئويمانلىقى بىلەن ئىلى - يەتتەسۇ ۋادىسىدا ياشاۋاتقان 500 مىڭدىن 700 مىڭغىچە بولغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى[10] ئۈچۈن ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ياكى ھېچ بولمىغاندا ئاپتونوم ئوبلاست ھوقۇقىنى ئېلىش تامامەن مۇمكىن دەپ ئۈمىد قىلىشىدۇ. بولۇپمۇ 1921 - يىلى ئىيۇندا تاشكەنتتە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نام بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ھەمدە ئورتا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭناملىرى قاتارىدا سوۋېت ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە رەسمىي كۆرۈلۈشكە باشلىغان مەزگىللەردە بۇ خىل ئۈمىد سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يوقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇندىن كېيىن ئابدۇللا روزىباقىيېف رەھبەرلىكىدە «ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، تۇنجى ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىت – «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نەشىر قىلىنىشقا باشلايدۇ. شۇ يىللىرى يەنە ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى سوۋېت كومپارتىيەسىنىڭ تۈركىستان شۆبىسىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، خىتاي مىلتارىستلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئىنقىلاب قوزغاش ھەمدە پۈتكۈل ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئۆز

(10) يولداش ئەزىمەتوف تۈزگەن، «20 - ئەسىر ئۇيغۇر نامايەندىلىرى»، ئالمۇتا: مىر نەشرىياتى، 2005- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 31 -بەت

ئېچىگە ئالغان «سوتسىيالىستىك ئۇيغۇرىستان» قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ تۈركىستان شۆبىسى بۇ تەكلىپنى قوللايدۇ ھەمدە موسكۋانىڭ تەستىقلىشىنى كۈتىدۇ. كومىنتېرنمۇ بۇ تەكلىپنى قوللايدۇ. كېرىمېلدىكى كەسكىن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن، بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئىشلار كومىسسارى چىچېرىن بۇ تەكلىپكە قەتئىي قارشى چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاساسلىرىنى جاھىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، «<خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى> قۇرۇلۇپ بولغان ئەھۋالدا، بىز ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى خىتاي ئىنقىلابىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئىچىدە ھەل قىلىشىمىز كېرەك» دەپ لېنىننى قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن «سوتسىيالىستىك ئۇيغۇرىستان» قۇرۇش لايىھەسى ئەمەلدىن قالىدۇ.(11)

شۇنداقتىمۇ ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ئۈمىدىنى تامامەن يوقاتمايدۇ. ئۇلار پەرغانە ئويمانلىقى ياكى يەتتەسۇ تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار دەپ قارايدۇ. ۋاھالەنكى، پەرغانە ئويمانلىقىدىكى «قەشقەرلىقلەر» نى ئاساس قىلغان جەنۇب ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئىلى - يەتتەسۇدىكى «تارانچىلار» نى ئاساس قىلغان شىمال ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئۆستۈنلۈك تالىشىش ئىختىلاپلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش دەۋاسىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ.

1924 - يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدىكى قىزغىنلىقى پەسكويغا يۈزلىنىدۇ. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمايىل تاھىروف، نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ھەمدە باشقا نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مىللىي مۇختارىيەت ئېلىش چۈشلىرى ئاستا - ئاستا بەربات بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى تالاش - تارتىشلار سىياسىي مۇختارىيەت تېمىسىدىن ئۇيغۇر ئورتاق ئەدەبىي تىلى ۋە ئىملاسىنى يارىتىش، يېزىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتەك ئىككىلەمچى تېمىلارغا مەركەزلىشىدۇ. 1930- يىللارغا كەلگەندە ستالىننىڭ كوللېكتىپلاشتۇرۇش دولقۇنىدا ئېغىر دەرىجىدە ھالسىرىغان ئۇيغۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى تېرىتورىيەسىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مىللىي

(11) كوممۇنار تالىپوف، «تارىخ ساۋاقلىرى»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012 - يىل نەشرى، 135-133 - بەتلەر

ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئېلىش ئىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ. پەرغانە ئويمانلىقىدا ياشايدىغان 500 مىڭغا يېقىن «قەشقەرلىق» ئۇيغۇرلار ئۆزبېكىستان تەۋەسىگە ئايرىلىپ، مىللىي تەۋەلىكى مەجبۇرىي ھالدا «ئۆزبېكلەشتۈرۈلىدۇ». يەتتەسۇ تەۋەسىدە ياشايدىغان نەچچە يۈز مىڭ «تارانچى» ئۇيغۇرلار بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتىنىڭ مەركىزىدىن چەتنەشتۈرۈلۈپ، ھەتتا ئاپتونوم ناھىيە دەرىجىلىك مۇختارىيەتكىمۇ نائىل بولالمايدۇ. ھەتتا بولشېۋىكلار پارتىيەسىگە ئىزچىل ھالدا سادىق خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر كوممۇنىست رەھبەرلىرىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېف بىلەن ئىسمايىل تاھىروفلار 1938-1937 - يىلىدىكى ستالىننىڭ قانلىق «تازىلاش» لىرىدا ئېتىپ تاشلىنىدۇ.[12]

1930 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئىنقىلابلارغا ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن ھالدا قول تىقتى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي دۆلەتچىلىك ئارزۇلىرىنى يەنە بىر قېتىم داغدا قويدى. 1931 - يىلى قوزغالغان قومۇل ئىنقىلابىغا موڭغولىيە ئارقىلىق مەخپىي ئۆمەك ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ مىللىي قۇتۇلۇش ئىنقىلابلىرىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى» نى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا مىلتارىست شېڭشىسەينى يۆلەپ تەختكە چىقاردى. ئاندىن شېڭشىسەينى سەھنىگە چىقىرىپ، ئۆزلىرى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنى باستۇرۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «مىللەت» ۋە «سىنىپ» نەزەرىيەلىرىنى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە ئېكسپورت قىلىپ كىرگۈزدى. ئۈرۈمچىكى سوۋېت كونسۇلى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەسلىھەتچىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن شېڭشىسەي ھۆكۈمىتى 1934- يىلى 11- ئاينىڭ 29- كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خىتايچە سانلىرىدا تەڭلا ئاتالمىش «تارانچى» مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شىنجاڭدىكى 14 مىللەت» نى ئېلان قىلدى.[13] شۇندىن باشلاپ «ئۇيغۇر» دېگەن نام شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئىلگىرىكى «مۇسۇلمان»، «تۈرك»، «سارت»، «چەنتو» دېگەندەك ناملارنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، جۈملىدىن قازاقلار، قىرغىزلار، ئۆزبېكلەر ۋە تاتارلاردىن پەرقلىق ئايرىم ئېتنىك تۈركۈم ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدىغان بولدى. «تۈرك» ئاتالغۇسى

(12) Sean R. Roberts, Imagining Uyghuristan: re-evaluating the birth of the modern Uyghur nation, Central Asian Survey, Vol. 28, No. 4 Dedember, 2009, pp. 361-381
(13) «新疆日报», 1934年11月29日版

خەتەرلىك بىر ئۇقۇم سۈپىتىدە قارىلىپ، مەتبۇئاتلاردىن سىقىپ چىقىرىلدى. ھەتتا سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى شىڭشىسەي بىلەن بولغان مەخپىي سۆھبەتلەردە ئۇنىڭغا مۇنداق مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتىدۇ: «ختاي - سوۋېت چېگراسىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى قان-قېرىنداش خەلقلەردۇر. ئىرق، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قېرىنداش بولغان بۇ خەلقلەر كەلگۈسىدە ئىمكانىيەت تۇغۇلغان ھامان بىر-بىرى بىلەن بىرلىشىپ بىر مىللەت ياكى دۆلەت گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنى خۇددى بىر تاۋۇزنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىپ كېسىۋەتكەندەك ھەم ھازىرمۇ ھەم كەلگۈسىدىمۇ مەڭگۈ بىرلىشەلمەيدىغان ئۇششاق بىرلىكلەرگە پارچىلىۋېتىش كېرەك».

1940 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مىلتارىست شېڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈشى بولشېۋىكلارنى «ئۇيغۇر كارتىسى» قايتا ئويناشقا مەجبۇر قىلدى. ئۆز دەۋرىدە سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۆشكىدىلا ئۇجۇقتۇرىۋېتىلگەن «ئۇيغۇرىستان» غايىسى 1944 - يىلى 12 - نويابىردا غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جاكارلىنىش بىلەن تارىخىي كۈنتەرتىپكە كەلدى. ئىلى ئىنقىلابىدا ۋەتەن ئۈچۈن قان تۆككەن مىڭلىغان كىشىلەر شۇنداقلا مىللىي دۆلەتچىلىكنىڭ چۈشىنى تېخىچە ئۇنتۇمىغان ئۇيغۇر سەرخىللىرى مىللىي ئارمىيە تاكى ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ، ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى باشلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ مۇقەررەرلىكىگە شەكسىز ئىشەنگەن ئىدى. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە بىر قېتىم شۇنداقلا ئاخىرى قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار مىللىي غايىسىنى داغدا قويىدى. خۇددى ئامېرىكالىق ئۇيغۇرشۇناس شان روبېرت كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى يەتتەسۇدا تۇرۇپ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە ھۆر ۋە مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان قۇرۇش غايىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدى. بۇ غايە تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر گويا ئاخىرى چىقمىغان چۈشتەك ئۇيغۇرلار قەلبىنى ئۆرتەپ كەلمەكتە.» ■

مۇھەررىرى: ئا.ئاقھۇن

دوكتور ئەركىن ئەكرەم

# ختاينىڭ يېڭى ھاكىمىيتى ۋە سياسىي ئىسلاھات

## ختاينىڭ يېڭى ھاكىمىيتى

ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى(خ ك پ)، شاڭخەي شەھرىدە ئىنتېرناتسيونال تەشكىلاتىنىڭ قوللىشى ۋە 12 ۋەكىلىنىڭ(جەمئىي ئەزا 57) قاتنىششى بىلەن 1921 – يىلى ئىيۇل ئىيىدا مەخپىي قۇرۇلدى. 1927 – يىلىغا كەلگەندە قوراللىق كۆرەش مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ پارتىيە ئىچىدە «بۆلۈنۈش» پەيدا بولدى. خ ك پ، مىللەتچى ختاي ھۆكۈمىتى(گومىنداڭ) نىڭ بېسىمى ۋە ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، خەلقئارالىق ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ يار بېرىشى ۋە مەۋجۇت ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى سەۋەبلىك 1945 – يىلدىن 1949 – يىلىغىچە بولغان ئىچكى ئۇرۇشتا غەلبە قازاندى. ئاخىرىدا 1949 – يىلى 10 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھاكىمىيەت كۈچىنى ۋە تارىخىي ۋەزىپىسىنى خەلقتىن ئالغانلىقىنى جاكارلىدى.

| خ ك پ نىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى |
|---|
| خ ك پ باش سېكرېتارى |
| (1) |
| خ ك پ سياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتى |
| (7) |
| خ ك پ سياسىي بيۇرو ئەزالىرى |
| (25) |
| خ ك پ مەركىزىي كومىتېتى |
| (205) |
| پارتىيە ۋەكىللىرى |
| (2270) |
| خ ك پ ئەزالىرى |
| (مىليون 82.206) |

شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگودا ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى بەش يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق ئالمىشىدىغان بولدى. ـ1921يىلدىن بېرى 18 قېتىم قۇرۇلتاي ئېچىلدى.

ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېقىندا چاقىرىلغان 18 – نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىن 14 – كۈنگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، 15

- كۈنى بولسا، 18 - قۇرۇلتاينىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. مەزكۇر يىغىندا ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت كابىنىتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. 82 مىليون 206 مىڭ ئەزاسى بولغان خ ك پ ھەر قايسى رايونلاردىن سايلاپ ئەۋەتىلگەن 2270 ۋەكىل بىلەن قۇرۇلتاي ئېچىپ، نەتىجىدە 205 ئەزادىن تەركىپ تاپقان خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى. 171 كىشى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ئەزالىقىغا سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، 130 كىشى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ سايلاندى. ختاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن 11 كىشىدىن تەركىپ تاپقان مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلۇپ چىقتى. خ ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئەزالىرى ئىچىدىن دۆلەتنى باشقۇرىدىغان خ ك پ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. بۇ گۇرۇپپا 25 كىشىدىن تەركىپ تاپقان ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى سىياسىي بيۇروسىدۇر. بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئەزالىرى ئىچىدىن يەتتە نەپەر دائىمىي ئەزا سايلىنىپ چىقتى.(1) يەتتە كىشىدىن تەشكىل قىلىنغان سىياسىي بيۇرو دائىمىي ئەزالىرى ختاينىڭ ئەڭ ھوقۇقلۇق كىشىلىرىدۇر. سىياسىي بيۇرو دائىمىي ئەزالىرى ئارىسىدىن بىر سېكرېتار سايلاپ چىقىلغان بولۇپ، سېكرېتارلىققا سايلانغان شى جىنپىڭ، ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەڭ ھوقۇقلۇق كىشىسى ھېسابلىنىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ سېكرېتار، لى كېچىياڭنىڭ باش مىنىستىر بولىدىغانلىقى 2007 - يىلىدا چاقىرىلغان خ ك پ 17 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مەلۇم بولغان ئىدى. خ ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ باشقا بەش نەپەر ئەزاسى 18 - قۇرۇلتايدا بەلگىلەندى.

| خ ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزالىرى | | | |
|---|---|---|---|
| ئىسمى | يېشى | بۇرۇنقى ۋەزىپىلىرى | يېڭى ۋەزىپىلىرى |
| شى جىنپىڭ | 59 | خ ك پ مۇئاۋىن سېكرېتا رى، مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى، دۆلەت رەئىسى (2013 مارت) |
| لى كېچىياڭ | 57 | مۇئاۋىن باش مىنىستىر | باش مىنىستىر(2013 مارت) |
| جاڭ دېجياڭ | 66 | مۇئاۋىن باش مىنىستىر ۋە چوڭچىڭ شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارى | ختاي خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسى (2013 مارت) |

(1) 〈中國共產黨第十八屆中央委員會第一次全體會議公報〉，新華社，2012年11月15日 13:13:02.

| | | | |
|---|---|---|---|
| يۇ جېڭشېڭ | 67 | شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارى | خىتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ رەئىسى (2013 مارت) |
| لىيۇ يۈنشەن | 65 | پارتىيە مەركىزىي تەشۋىقات كومىتېتىنىڭ رەئىسى | خ ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ سېكرېتارى |
| ۋاڭ چىشەن | 64 | مۇئاۋىن باش مىنىستىر | خ ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى |
| جاڭ گاۋلى | 66 | تيەنجىن شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارى | مۇئاۋىن باش مىنىستىر(مارت2013) |

خ ك پ 18 – قۇرۇلتىيىدا سايلانغان مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ بەزىلىرى 2013 – يىلى مارت ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خىتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنلىرىدىن كېيىن، ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتەشكە باشلايدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى نىزامنامىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن، خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن خىتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشمۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش كۆرىدۇ. يەنى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان شى جىنپىڭ، 2013 – يىلى مارتتا ئېچىلىدىغان خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، دۆلەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇئاۋىن باش مىنىستىر لى كېچياڭ خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، خىتاينىڭ باش مىنىستىرى بولىدۇ. خ ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ قالغان بەش ئەزاسىمۇ بېرىلگەن ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

1945 – يىلىدا تەسىس قىلىنغان خ ك پ سىياسىي بيۇروسى، پارتىيە ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىدە ئەڭ ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇپ، دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم قارارلار بۇ ئورگاندا ئورۇن ئالغان ئەزالار تەرىپىدىن كېلىشىم ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. خ ك پ بۇنى دېموكراتىيە مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش سىستېمىسى دەپ تونۇتىۋاتىدۇ. ئەزالارنىڭ يېشى 68 دىن تۆۋەن بولۇشى ۋە تەجرىبىلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. خ ك پ سىياسىي بيۇروسى بەش يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان خ ك پ قۇرۇلتىيى بىلەن بىرلىكتە تەشكىل قىلىنىدۇ. قۇرۇلتايغىچە بولغان ئارىلىقتا خ ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەلىيەتتە خ ك پ سىياسى بيۇروسى دائىمىي ئەزالىرى، يەنى 7 كىشىدىن تەركىب تاپقان سىياسى بيۇرو دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. خ ك پ سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى خىتاينى ھەقىقىي باشقۇرىدىغان ئورگان

ھېسابلىنىدۇ ۋە پارتىيە سېكرېتارى شى جىنپىڭ بۇ كومىتېتقا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. بىراق، قارار ئالغاندا شى جىنپىڭنىڭ پەقەتلا بىر ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن قالغان ئالتە ئەزاغا كۆپ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ، ماۋزېدۇڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭغا ئوخشاش كۈچلۈك رەھبەرلەر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بىر سىستېما ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەم پارتىيە، ھەم ھەربىي ئىشلار ۋە دۆلەت رەئىسلىكى ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان شى جىنپىڭنىڭ كۈچى تەقسىم قىلىنغان بولىدۇ، يەنى شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىك كۈچى ئاجىزلىتىلغان بولىدۇ.

ئەمما، سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىدا ئورۇن ئالغان خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، كومىتېتتا كونسېرۋاتىپ ئەزالارنىڭ كۆپلىكىنى، كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدىكى ئېغىرلىقنىڭ سابىق رەئىس جياڭ زېمىن تەرەپتە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، خ ك پ 18-قۇرۇلتىيىدا، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان شەكىلدە، سابىق رەئىس جياڭ زېمىن ۋە پېنسىيەگە چىققان باشقا خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ۋە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئېلىشى سابىق رەھبەرلەرنىڭ يېڭى تەشكىل قىلىنغان سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىغا ۋە رەئىس شى جىنپىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

| خ ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇرو دائىمىي ئەزالىرى ئارىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى | |
|---|---|
| قىزىل شاھزادىلەر | شى جىنپىڭ، يۈ جېڭشېڭ، ۋاڭ چىشەن |
| جياڭ زېمىن | جاڭ دېجياڭ، يۈ جېڭشېڭ، لىيۇ يۈنشەن، ۋاڭ چىشەن، جاڭ گاۋلى |
| خۇجىنتاۋ | لى كېچياڭ |

يېڭى تەشكىل قىلىنغان سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىدا ئورۇن ئالغان ئەزالارنىڭ پارتىيە ئىدېيولوگىيەسىگە بولغان ساداقىتىدىن قارىغاندا، مەزكۇر كومىتېت پارتىيەنىڭ نوپۇزىنى قوغداشنى ۋە مەۋجۇت سىياسىي يولدا مېڭىشنى نىشان قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەۋجۇت تاشقى ئىشلار سىياسىتىنىڭمۇ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرمەكتە. خۇسۇسەن سىياسىي بيۇرونىڭ كۆپ ساندىكى ياشانغان ئەزالىرى خىتاينىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇھىم ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا دائىر ئۈمىد بەرمەيۋاتىدۇ. خىتاي جەمئىيىتى ۋە خەلقئارا كۈتكەن ئىسلاھات ئېھتىمالى زەئىپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېقىن قوللىغۇچىسى ۋە سىياسىي بيۇرو

ئەزاسى بولغان خ ك پ مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىگە مەسئۇل مىنىستىر لى يۈەنچاۋ (62) بىلەن مەۋجۇت ھاكىمىيەت تەشكىلىدە ئەڭ كۆپ ئىسلاھاتچى بولۇپ تونۇلغان گۇاڭدوڭ ئۆلكىلىك پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭ ياڭنىڭ(57) بولماسلىقىدىن قارىغاندا، شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىدىن يېڭىلىق ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش ناھايىتى قىيىن. ئەمما، بەش يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان خ ك پ 19 – قۇرۇلتىيىدا مەۋجۇت سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ بەش ئەزاسى ياش چەكلىمىسى سەۋەبىدىن پېنسىيەگە چىقىدۇ، ئىلگىرى پېنسىيەگە چىققان سابىق رەھبەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلگەن بولىدۇ. نەتىجىدە خ ك پ نىڭ 19 – قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى مەزگىلدە، يەنى شى جىنپىڭ ئىككىنچى نۆۋەت رەئىس بولغان مەزگىلدە سىياسىي بىيۇرو ۋە سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتىغا ئۆزىنى قوللايدىغان كىشىلەرنىڭ كىرىشى، شى جىنپىڭغا خىتاينى تېخىمۇ مۇستەقىل ھالدا باشقۇرۇش پۇرستى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋال، لى يۈەنچاۋ ۋە ۋاڭ ياڭغا ئوخشاش ئىسلاھاتچىلارنىڭمۇ سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتىغا كىرىشىگە، شۇنداقلا خىتاينىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن ئىسلاھات سىياسىتىنى ياقلايدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ ئىچكى جەھەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، تاشقى سىياسەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش، خ ك پ تارىخىدا ئىز قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشى مۇمكىن.

باشقا بىر مەسىلە بولسا، 25 ئەزادىن تەشكىل تاپقان خ ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىدا سابىق سىياسىي بىيۇرو ئەزاسى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزاسى لىيۇ ياندوڭ بىلەن فۇجىيەن ئۆلكىلىك پارتكوم سېكرېتارى لىيۇ چۈنلەن قاتارلىق ئىككى ئايال ئەزا بار بولۇپ، بۇ، خ ك پ سىياسىي بىيۇرو تارىخىدا يۈز بەرگەن تۇنجى ئىش ھېسابلىنىدۇ. بىراق، خ ك پ سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتىدا ئايال ئەزانىڭ يوقلۇقى، مەزكۇر سىياسىي بىيۇرودا ئاياللارغا تېخى ئورۇن بېرىلمىگەنلىكىنى، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىدا يەنىلا ئەرلەرنىڭ ئېغىر باسىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتى

خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە مۇھىتتا قىلغان سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ قىسقا مەزگىللىك نىشانى بارغانسېرى

ئېغىرلىشىۋاتقان پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مۇقىملىققا ئىگە قىلىشتۇر. ئوتتۇرا مەزگىللىك نىشانى بولسا، 2020 – يىلىغىچە ئوتتۇرا ھاللىق (شياۋكاڭ) بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشتۇر. يەنى كىشى بېشىغا چۈشىدىغان مىللىي دارامەتنى (GSYİH) 2010 – يىلىدىن 2020 – يىلىغىچە بىر ھەسسە ئاشۇرۇش (كىشى بېشىغا چۈشىدىغان مىللىي دارامەتنى 4000 – 5000 دوللار، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 12 تىرىلىيون دوللار)(2) تۇر. بۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 – يىللىقىنىڭ نىشانى ھېسابلىنىدۇ.(3) بەزى مۇتەخەسسىسلەرگە كۆرە، بۇ نىشانغا سەككىز يىلدا يېتىش مۇمكىن.(4) ئۇزۇن مەزگىلدە بولسا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 – يىللىغىچە ھاللىق جەمئىيەت، دېموكراتىك، مەدەنىي ۋە ماسلاشقان بىر سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش نىشان قىلىنماقتا.(5) بۇ يەردىكى زامانىۋى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى بولسا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىيەسى ۋە پەن – تېخنىكا قاتارلىق تۆت ساھەدە زامانىۋىلىشىشتۇر. خىتاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى، خىتاينىڭ يېڭىدىن گۈللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر.(6) خ ك پ سېكرېتارى شى جىنپىڭ بۇ نىشاننى «خىتاينىڭ چۈشى» دەپ ئاتىماقتا.(7) خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئالىي غايىسى خىتايچە كوممۇنىزمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بولۇپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە خىتاي خەلقىنىڭ چۈشى بولسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش ۋە خىتاينىڭ قايتىدىن كۈچلىنىشىدۇر.(8) شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى خىتاي ھۆكۈمىتى بىر ئۆزگىرىش بولمىغاندا 2022 – يىلىغىچە داۋاملىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرا مەزگىللىك نىشانىنى

(2) 胡錦濤,<堅定不移沿著中國特色社會主義道路前進　為全面建成小康社會而奮鬥-在中國共產黨第十八次全國代表大會上的報告>　(2012年11月8日),《人民日報》2012年11月18日 01 版.
(3) 胡錦濤,<在慶祝中國共產黨成立90周年大會上的講話> (2011年7月1日),《人民日報》, 2011年07月02日　02 版.
(4) 潘旭濤,<全面小康 八年可期>,《人民日報》(海外版), 2012年11月13日 第 03 版.
(5) 胡錦濤,<在慶祝中國共產黨成立90周年大會上的講話> (2011年7月1日),《人民日報》, 2011年07月02日 02 版.
(6) 本報評論員,<贏得青年,就是贏得未來和希望-七論學習貫徹胡錦濤同志「七一」重要講話>,《人民日報》, 2011年07月11日 01 版.
(7) 張爍, <習近平在參觀《復興之路》展覽時強調:承前啟後, 繼往開來, 繼續朝著中華民族偉大復興目標奮勇前進>,《人民日報》, 2012年11月30日　01 版; 張爍, <習近平在十八屆中央紀委二次全會上發表重要講話強調:更加科學有效地防治腐敗, 堅定不移把反腐倡廉建設引向深入>,《人民日報》, 2013年01月23日 01 版.
(8) 李毅ve李清華,<用新的奮鬥續寫社會主義新篇章>,《人民日報》,2013年01月25日07 版.

ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما، رەئىس شى جىنپىڭنى جىددىي مەسىلىلەر كۈتۈپ تۇرماقتا.

خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىرلىكتە مەيدانغا كەلگەن جىددىي پارىخورلۇقلار ئارمىيە ئىچىدىمۇ يۈز بېرىۋاتقان بولۇپ،[9] قانۇننىڭ توغرا ئىجرا قىلىنالماسلىقى، كىرىم تەقسىماتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ خەتەرلىك سەۋىيەگە يېتىشى، يىلىغا ئونمىڭلارچە ئاممىۋى توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى، خەلقئارا پۇل – مۇئامىلە كىرىزىسى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تۇرغۇنلۇق مەزگىلىگە قەدەم قويۇشى، بۇلاردىن باشقا يەنە، پۇل پاخاللىقى ۋە ئىشسىزلىقنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان سالماقتا. تەيۋەن، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق خەلقئارا سەۋىيەگە يەتكەن مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمۇ خىتاينىڭ يۈكسىلىشى بىلەن باراۋەر ئۆز تەسىرىنى ئاشۇرماقتا. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن مەملىكەت ئىچى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى مۇقىملىق، خەۋپسىزلىك مۇھىتىنى يارىتىش ئىستراتېگىيەسى ئۈستىگە قۇرۇلغان تاشقى سىياسىتىمۇ نۇرغۇنلىغان تەھدىتلەرگە دۇچ كەلمەكتە. 30 يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇلغان ياخشى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ يېقىنقى يىللاردا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىماقتا. دۇنيادا ئىقتىسادىي جەھەتتە 3 – ئورۇندا تۇرىدىغان ياپونىيە بىلەن يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىلىرى ھەمدە بۇ سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان سودا – ئىقتىساد مۇناسىۋەتلىرىدىكى سەلبىي تەسىرلەر؛ فىلىپپىن ۋە ۋېيتنام ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئارالغا ئىگىدارچىلىق قىلىش دەۋالىرى ۋە يۈكسىلىۋاتقان خىتاينىڭ قوشنا دۆلەتلەرگە ئىشەنچ بېرىدىغان، ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىدىغان يۇمشاق كۈچ ياراتماسلىقى؛ ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئامېرىكىنىڭ 2010 – يىلىدىن بۇيان يولغا قويۇشقا باشلىغان «ئاسىياغا قايتىش (return to Asia)» ياكى «قايتىدىن تەڭشەش (strategic rebalancing)» ئىستراتېگىيەسى ۋە بۇ سەۋەبلىك ئامېرىكىنىڭ خىتاينى ئىستراتېگىيەلىك قورشاۋغا ئېلىش سىياسىتى خىتاينىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت رەئىسى خۇجىنتاۋنىڭ دېگىنى بويىچە ئېيتقاندا، خىتاي ھازىر ئىلگىرى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان پۇرسەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە.[10]

(9) Jane Perlez, "Corruption in Military Poses a Test for China", *The New York Times*, November 14, 2012

(10) 〈中共中央召開黨外人士座談會徵求對中共十八大報告的意見，胡錦濤主持並發表重要講話〉，《人民日報》，2012年11月06日 01 版.

ختاينىڭ يېڭى مەركىزىي ھاكىمىيىتى بارلىق بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە چارە تېپىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ئورنى تالاش – تارتىش قوزغىشى مۇمكىن. ختاي رەھبەرلىرى بۇ خەتەرنى بىلىدىغان بولۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە خىيانەتچىلىككە، چىرىكلىككە ۋە قانۇنسىزلىققا قارشى چىقمىغان تەقدىردە ھەم ھاكىمىيەت ھەمدە خ ك پ يوقىلىدۇ. 2012 – يىلى 3 – ئاينىڭ 27 – كۈنى ئېچىلغان خەلق قۇرۇلتىيىدا سۆز قىلغان باش مىنىستىر ۋېن جىاباۋ، «خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىك ھەل قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىشى مۇمكىن ۋە ئاخىرىدا ھاكىمىيەتمۇ ۋەيران بولىدۇ» دەيدۇ.(11) 2012 – يىلى 11 – ئاينىڭ 8 – كۈنى خ ك پ 18 – قۇرۇلتىيىدا سۆز قىلغان دۆلەت رەئىسى خۇجىنتاۋ، پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىك مەسىلىسىنىڭ خەلق ئەڭ كۆپ كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ سىياسىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ۋە ھەل قىلىنمىغاندا، پارتىيەگە ئەجەللىك زەربە بېرىدىغانلىقىنى ھەتتا پارتىيەنىڭمۇ، دۆلەتنىڭمۇ يوق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.(12) 2012 – يىلى 19 – نويابىر كۈنى خ ك پ سېركرېتارى شى جىنپىڭمۇ سۆز قىلىپ، خىيانەتچىلىك مەسىلىسىنىڭ كۈنسېرى خەتەرلىك سەۋىيەگە يېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە مۇشۇنداق داۋام قىلسا، ھەم پارتىيەنىڭ ھەمدە دۆلەتنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.(13) ختاينى بۈگۈنكى ھالغا ئېلىپ كەلگەن 70 يىللىق ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى(1987 – 2050) نىڭ ئىگىسى ۋە ماۋزېدۇڭ (1893 – 1976) دىن كېيىنكى ختاينىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ (1904 – 1997) مۇ، بۇ خىل خەتەرلىك ئەھۋال ھەققىدە توختىلىپ، سىياسىي قۇرۇلما ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىغاندا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى (14)، ھەتتا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان ئىدى.(15) دېڭ شياۋپىڭنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، «پەقەت ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئىسلاھاتىلا يېتەرلىك ئەمەس،

(11) 杜榕,<溫家寶強調創造條件讓人民群眾監督政府>,《人民日報》, 2012年03月27日 01 版.
(12) 胡錦濤,<堅定不移沿著中國特色社會主義道路前進　為全面建成小康社會而奮鬥–在中國共產黨第十八次全國代表大會上的報告>(2012年11月8日),《人民日報》2012年11月18日 01 版.
(13) 習近平, <緊緊圍繞堅持和發展中國特色社會主義,學習宣傳貫徹黨的十八大精神(2012年11月17日), 《人民日報》, 2012年11月19日　02 版.
(14) 中共中央文獻編輯委員會編, 《鄧小平文選》第2卷,北京:人民出版社, 1994:333.
(15) 中共中央文獻編輯委員會編, 《鄧小平文選》第2卷, 1994:397.

سىياسىي قۇرۇلمىمۇ ئىسلاھ قىلىنمىغان تەقدىردە ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئىسلاھاتىدىن نەتىجە ئالغىلى بولمايدۇ.» بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «خىتاينىڭ بارلىق ئىسلاھاتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش – قازىنالماسلىقى سىياسىي قۇرۇلما ئىسلاھاتىغا باغلىق ئىدى.» دېڭ شياۋپىڭ خىتايدا «سىياسىي قۇرۇلما ئىسلاھاتىنىڭ مەجبۇرىي ۋە مۇھىم» ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.[16] ئەمما، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، جياڭ زېمىن (1989 – 2002) ۋە خۇجىنتاۋ (2002 – 2012) دەۋرىدە پەقەتلا سىياسىي – ئىقتىساد خاراكتېرلىك ئىسلاھاتلار ۋە سىياسىي ئورگانلارغا قارىتىلغان بەزى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، ھېچقانداق سىياسىي قۇرۇلما ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىغان. بۈگۈن خىتاي رەھبەرلىرى دۇچ كەلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئاساسەن تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادىي كۈچكە ماسلاشقان ھالدا سىياسىي سىستېما ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

خىتاينىڭ يېڭى رەھبەرلىرى خىيانەتچىلىككە، چىرىكلىككە ۋە قانۇنسىز قىلمىشلارغا قارشى كۈرەشلىرىنى باشلىۋەتكەندەك كۆرۈنىدۇ.[17] چۈنكى، بۇ مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پارتىيە ۋە ھاكىمىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىياسىي ئىسلاھات ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوت – قانۇن ساھەسىدىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ مەسىلىنى يۈزەكى ۋە ۋاقىتلىق ھەل قىلىشى مۇمكىن،[18] ئەمما يىلتىزىدىن ھەل قىلىشى تەس. دېڭ شياۋپىڭ 30 يىل بۇرۇنلا بۇنى تىلغا ئالغان ئىدى.

خىتاي رەھبەرلىرى «ئىسلاھات» سۆزىنى كۆپ تىلغا ئالماقتا. دۆلەت رەئىسى خۇجىنتاۋ خ ك پ 18 – قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئىسلاھات سۆزىنى 86 قېتىم تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا سىرتقا ئېچىلىش ۋە ئىسلاھات سۆزى 19 يەردە؛ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات سۆزى 7 يەردە ؛ سىياسىي قۇرۇلما ئىسلاھاتى 5 يەردە؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئىسلاھاتى 3 يەردە ئۇچرايدۇ. باشقا يەرلەردە بولسا، ئىدارە

(16) 中共中央文獻編輯委員會編，《鄧小平文選》第3卷，北京：人民出版社，1993：164，164，179.

(17) 習近平，〈人民對美好生活的嚮往，就是我們的奮鬥目標〉，《人民日報》，2012年11月16日04 版.

(18) Daniel A. Bell, “Corruption Is a Serious Problem”, *The New York Times*, November 22, 2012, 8:00 PM; Edward Wong, “New Communist Party Chief in China Denounces Corruption in Speech” *The New York Times*, November 19, 2012

– ئورگانلارغا قارىتىلغان ئىسلاھاتلار ئۈستىدە توختىلىدۇ.[19] خىتاينىڭ كەلگۈسى باش مىنىستىرى لى كېچىياڭمۇ، خىتاينىڭ ئەڭ كۆپ پايدىنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.[20] ئەمما، سىياسىيدىن بەكرەك ئىقتىسادىي ۋە ئىدارە – ئورگانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىسلاھاتلار ھەققىدە توختىلىدۇ. غەرب مەتبۇئاتلىرى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا ئۈمىد بىلەن قارايدۇ[21] ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىغىنىدا خەتەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[22] يەنە كېلىپ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتمۇ ئاسان ئەمەس.[23] خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى بولسا، ئىسلاھاتنىڭ شەرتلىرى شەكىللەنمەي تۇرۇپ ھەرىكەتكە ئۆتۈلسە تېخىمۇ كۆپ خەتەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.[24] خىتاينىڭ داڭلىق ئىقتىسادشۇناسلىرىدىن ۋۇ جىڭلىيەنمۇ، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك نۇقتىغا يەتكەنلىكىنى ۋە سىياسىي ئىسلاھاتنى قەدەم – باسقۇچلۇق ھالدا داۋاملاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى قەيت قىلىدۇ.[25] خىتاي خەلقىمۇ سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ قىيىن دەۋرگە كىرگەنلىكىنى، قۇرۇلتاي ئەزالىرىمۇ بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل قىلىنىشى كېرەكلىكىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلماقتا.[26] ئەسلىدە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھات قىيىنچىلىقلىرى ئىقتىسادىي ساھەدە ئەمەس، بەلكى سىياسىي ساھەدە ھېسابلىنىدۇ.[27]

خىتاينىڭ سىياسىي ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ سەزگۈر مەسىلىسى

(19) 胡錦濤,〈堅定不移沿著中國特色社會主義道路前進　為全面建成小康社會而奮鬥–在中國共產黨第十八次全國代表大會上的報告〉(2012年11月8日),《人民日報》2012年11月18日01 版.

(20) 李克強,〈認真學習深刻領會全面貫徹黨的十八大精神,促進經濟持續健康發展和社會全面進步〉,《人民日報》, 2012年11月21日03 版;〈李克強在全國綜合配套改革試點工作座談會上強調:以改革為動力促進經濟持續健康發展〉,《人民日報》,2012年11月23日　01 版.

(21) “Xi must kick-start change in China”, *The Financial Times*, November 15, 2012 6:26 pm; Jan Hornat, “Chinese Democracy Is No Goal”, *The National Interest*, November 23, 2012.

(22) “China’s pressing need for reform”, *The Financial Times*, November 7, 2012 6:53 pm.

(23) Simon Rabinovitch, “Faith in the state underpins China Inc”, *The Financial Times*, November 20, 2012 4:51 pm

(24) 胡偉,〈政治體制改革要富有理性的光芒〉,《解放日報》,2012年11月28日,02 版.

(25)〈吳敬璉:中國經濟社會矛盾幾乎到了臨界點〉,人民網,2012年11月15日13:54.

(26) 王欣、李亮、范淩志、朱曉磊、朱海淼,〈網友稱改革進入深水區 代表委員呼籲加大決心破除阻力〉,環球網,2012年03月12日 08:05.

(27) Minxin Pei, “Political Reform Is Needed First”, *The New York Times*, November 22, 2012, 8:00 PM.

خىتاينىڭ دېموكراتىيەلىشىشىدۇر. دېموكراتىيە ئۇقۇمى ئەمدى خىتايلارغا ئۇنچىلىك يات ئەمەس. خىتاينىڭ يەتتە چوڭ شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق خەلق راينى سىناشتا خەلقنىڭ 87.2% ى دېموكراتىيەنىڭ ياخشى نەرسە ئىكەنلىكىنى، 77.2% ى دېموكراتىيەنىڭ بىر يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى، 60.1% ى بولسا، خىتاي دېموكراتىيەسىنىڭ غەرب دېموكراتىيەسىدىن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان.[28] يەنە بىر راي سىناشتا، خىتايلارنىڭ 81.4% ى سىياسىي قۇرۇلمىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشىنى قوللىغان.[29] ئەمما، خىتايدا يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن خ ك پ 18 – قۇرۇلتىيىدا پارتىيە نىزامنامىسىدە بەزى ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىتىگە باشلامچىلىق قىلىدۇ» دېگەن سۆز قوللىنىلغان.[30] رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۆزقارىشىدا، «خىتاينى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، خىتاينىڭ تەرەققىياتىغا خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزملا تۆھپە قوشالايدۇ.»[31] بۇنىڭدىن خىتاينىڭ دېموكراتىيەسىنىڭ يەنىلا «خىتايچە ئالاھىدىلىك» كە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، غەربچە دېموكراتىيەگە ئورۇن بېرىلمەيدۇ، بەزى خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى بۇنداق ئەھۋالنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[32]

## يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتى خىتاينىڭ كېلەچىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ

خىتاي ھاكىمىيىتى ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئارقىلىق بۇ مەسىلىدە تەجرىبىگە ئىگە بولدى. خىتاي بازىرى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ يەنە بىر مەزگىلگىچە پايدىلىق مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن خىتاي يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇققا مەلۇم ئۆلچەمدە چارە تېپىش ئېھتىمالى يۇقىرى. ئەمما، ئىقتىسادىي سەۋەبلەردىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى سوت سىستېمىسى

(28) 〈環球輿情調查：中國七城市居民如何看「民主」？〉,《環球時報》2011年12月1日
(29) 王渠,〈環球調查：十八大近八成民眾關注經濟民生〉,《環球時報》2012年11月17日 03:54.
(30) 〈中國共產黨章程〉(中國共產黨第十八次全國代表大會部分修改，2012年11月14日通過)，《人民日報》，2012年11月19日 01 版.
(31) 習近平,〈緊緊圍繞堅持和發展中國特色社會主義,學習宣傳貫徹黨的十八大精神〉(2012年11月17日)，《人民日報》，2012年11月19日 02 版.
(32) Minxin Pei, “Now The Hard Part Begins: The China Challenge”, *The Diplomat*, November 20, 2012; Minxin Pei, “China’s leaders must embrace democracy”, *The Financial Times*, November 15, 2012 2:59 am.

پەيدا قىلغان قانۇنسىزلىقلار ۋە ئىدىيولوگىيە كىرىزىسى سەۋەب بولغان بىپەرۋالىق، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتاينىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى مۇھىم ۋە كەڭ دائىرىلىك سىياسىي ئىسلاھات مۇساپىسىنى باشلىشى كېرەك. پەقەتلا خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىككە ئوخشاش كۆندىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتىلغان سىياسەتلەر خىتاي دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ.

خىتاينىڭ ئىقتىسادقا مەسئۇل مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋە خ ك پ مەركىزىي كومىتېت ئىنتىزام تەكشۈرۈش كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە يېڭىدىن سايلانغان ۋاڭ چىشەن، خىتايلارغا فىرانسىيە تارىخچىسى ئالېكسىس دې توچىيۇۋىللې (1859 – 1805) نىڭ «كونا تۈزۈم ۋە ئىنقىلاب (L’Ancien Régime et la Révolution)» ناملىق كىتابىنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلماقتا.[33] مەزكۇر كىتابنى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئوقۇشقا باشلىشى بىلەن خىتايدا ئەڭ كۆپ سېتىلغان ۋە ئوقۇلغان كىتابلار تىزىملىكىگە كىردى. فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى تەتقىق قىلىنغان بۇ كىتاب، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى خىتاي ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.[34] خىتاي دائىرىلىرى ۋە خەلقى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان يەنە بىر كىتاب بولسا، دارون ئاجەمئوغلۇنىڭ «مىللەتلەر نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇ؟ (Why Nations Fail)» ناملىق ئەسىرىدۇر.[35] خىتايدا بۇ ئىككى كىتابقا بولغان تەلەپنىڭ ئېشىشى خىتاي رەھبەرلىرىدە كىرىزىس تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەككى، بۇ ئىككى كىتاب خىتاينىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىنى ناھايىتى ئوچۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرمەكتە ئىدى.

«مىللەتلەر نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇ؟» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى دارون ئاجەمئوغلۇ بىلەن جېيمس ئا. روبىنسون دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە پەرقلىق بولۇشىنى دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە باغلايدۇ.[36] بەزى دۆلەتلەرنىڭ

(33) 張蕾、麻丹彤、 張瑞，<王岐山：希望大家看一下《舊制度與大革命》>，《南方人物》週刊，2012年12月10日 10:10.
(34) 張廣昭,<王岐山為何推薦《舊制度與大革命》？>,《人民日報海外版》， 2013年01月18日　第 11 版.
(35) 徐瑾,<追問中國改革道路>,英國《金融時報》中文網,2012年11月08日 07:25 AM.
(36) Daron Acemoglu and James A. Robinson, Why Nations Fail: The Origins of Power,

مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكىدە كۆپىنچە جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، مەدەنىيىتىنىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر كۆرسىتىلىدۇ. دارون ئاجەمئوغلۇ ۋە جېيمس ئا. روبىنسون زامانىۋى دۆلەتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قۇرۇلمىلار (inclusive institutions) ۋەياكى ئەزگۈچى قۇرۇلمىلارنىڭ (extractive institutions) بولۇش – بولماسلىق ئۆلچىمى بويىچە بىلەن تەھلىل قىلىدۇ. ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قۇرۇلمىلار، سىياسىي كۈچ تەقسىم قىلىنغان، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان، مائارىپ ۋە تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەمدە خەلق تېخىمۇ خۇشال بولىدىغان بىر سىستېما ۋە تۈزۈمدۇر. ئەزگۈچى قۇرۇلمىلار بولسا، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بايلىقلارنى ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كەمبەغەللىككە مەجبۇرلىنىشىدۇر. يەنى يىغىپ ئېيتقاندا، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قۇرۇلمىلار ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا سەۋەب بولسا، ئەزگۈچى سىياسىي قۇرۇلمىلار ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.[37]

ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سىياسىي قۇرۇلمىلار (inclusive political institutions) ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارنى (inclusive economic institutions) قوللىغانغا ئوخشاش، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارمۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سىياسىي قۇرۇلمىلارنى قوللايدۇ.[38] ئەزگۈچى سىياسىي قۇرۇلمىلار(extractive political institutions) بىلەن ئەزگۈچى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلار(extractive economic institutions) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ بۇ شەكىلدە بولىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ھالاك بولۇشى ئۇنىڭ ئەزگۈچى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي سىستېمىنى قوللىنىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتلارغىمۇ توسقۇنلۇق قىلغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنى ئەزگۈچى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان ئەزگۈچى سىياسىي قۇرۇلمىلار، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتلارغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.[39] خىيانەتچىلىك بىلەن بوغۇشۇۋاتقان بىر سىياسىي ھاكىمىيەت ۋە ئىزنىشقا تەييار تۇرغان بىر باشقۇرغۇچى بىلەن زەئىپلەشكەن ۋە چېچىلاڭغۇ بىر دۆلەت قۇرۇلمىسىنى

Prosperity, and Poverty, *New York: Crown Publishers*, 2012:368-403.

(37) Daron Acemoglu and James A. Robinson, 2012: 74-75, 77, 79, 83, 91, 95, 113, 124.

(38) Daron Acemoglu and James A. Robinson, 2012: 82.

(39) Daron Acemoglu and James A. Robinson, 2012:83.

بىر – بىرىگە باغلىغاندا خىيانەتچىلىك، توقۇنۇشلار ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبىنى تېپىش مۇمكىن.[40]

خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققى قىلىشى، ئۇنىڭ بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئەركىن قۇرۇلمىلار سايىسىدە ئەمەلگە ئاشماقتا. خىتاي ئىقتىسادىي ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلاردىن تېخىمۇ ئۇزاقتۇر. مەۋجۇت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قۇرۇلمىلارغا ئۆتۈش ئېھتىمالى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىشى قىيىن.[41] ھازىرقى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مودېلىنى داۋاملاشتۇرۇشى تەس بولۇپ، بۇ مودېل يېڭىلىق يارىتىدىغان يوقىتىش (creative destruction) نى پەيدا قىلالمايدۇ، چۈنكى، يېڭىلىق يارىتىدىغان يوقىتىش يېڭىلىق يارىتىش ۋە يۇقىرى كىرىمگە كاپالەتلىك قىلىش نۇقتىسىدىن پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.[42] ئىقتىسادىي كۈچلۈك، ئەمما مەغلۇپ بولۇش ۋە ھالاك بولۇشنىڭ ئالدى ئېلىنالمىغان تۈزۈملەرنىڭ بىر مىسالى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدۇر.[43] بۇ قاراشلارغا قوشۇلمايدىغان ۋە كەمچىل دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.[44]

دارون ئاجەمئوغلۇ خىتاي مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، بۈگۈنكى خىتاينىڭ 70 – يىللاردىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ئىقتىسادىي تەرەققىيات تېزلىكىگە يېتىشكەنلىكىنى، ئەمما بۇ مۇۋەپپەقىيەتنى ئەركىن قۇرۇلمىلار سايىسىدە ۋە مەۋجۇت تېخنىكا ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى، چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېڭىلىق يارىتىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەۋجۇت ئەھۋالنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. دارون ئاجەمئوغلۇنىڭ قارىشىچە، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسى ئۈستىدە قىسمەن ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە رىقابەتلىششچانلىقىدىن سۆز ئېچىش ناھايىتى تەس.

(40) Thomas L. Friedman, “Why Nations Fail”, *The New York Times*, March 31, 2012.
(41) Daron Acemoglu and James A. Robinson, 2012:83, 94.
(42) Daron Acemoglu and James A. Robinson, 2012:94; Thomas L. Friedman, “Why Nations Fail”, *The New York Time*s, March 31, 2012.
(43) Daron Acemoglu and James A. Robinson, 2012:83, 124, 126, 132.
(44) Martin Wolf, “The wealth of nations”, *The Financial Times*, March 3, 2012 12:17 am; Francis Fukuyama, “Acemoglu and Robinson on Why Nations Fail”, *The American Interest*, March 26, 2012; Warren Bass, “Book review: ‘Why Nations Fail,’ by Daron Acemoglu and James A. Robinson”, *The Washington Post*, April 20, 2012

خىتاينىڭ ئەسلى مەسىلىسى قانداق يېڭىلىق يارىتىش ۋە بۇنى قانداق ئىلھاملاندۇرۇش بولۇپ، بۇلارنىڭ مەۋجۇت ئەزگۈچى سىياسىي قۇرۇلمىلار ۋە مۇھىتىدا ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن.[45] جېيمىس روبىنسونمۇ خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، بۇنىڭغا ئوخشايدىغان قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئۆسۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان خىتاي مودېلىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مودېلىغا ئوخشىتىپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پەقەتلا يېتەرلىك تېخنىكا ئىگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبتىن ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلار بىلەن باراۋەر سىياسىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارالماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىدە مەۋجۇت ئىقتىسادىي غەلىبىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزقارىشىدا، خىتاي دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قۇرۇلمىلارنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە يېقىنقى 30 يىللىق ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىلىرىنى قوغدايدىغان بىر جەمئىيەتنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسىدە ياتىدۇ.[46]

خىتاينىڭ ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ سىياسىي ئىسلاھاتنى مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھاتلار مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەل قىلالمىغان تەقدىردە بېيجىڭنىڭ كالامپاي قۇرۇلمىسى تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

**شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىگە بولغان ئايرىمچىلىق**

| ۋەكىل/قۇرۇلتايلار | قۇرۇلتاي 2012 - يىل – 18 | قۇرۇلتاي -2007 يىل – 17 |
|---|---|---|
| خ ك پ ئەزاسى | 82,206,000 | 73,363,000 |
| خ ك پ قۇرۇلتاي ئەزاسى | 2268 | 2213 |
| **شەرقىي تۈركىستانلىق قۇرۇلتاي ئەزالىرى** | | |
| | جەمئىي خ ك پ ئەزاسى | (2011 – 1,366,000يىلى) |
| جەمئىي ۋەكىل سانى | 42 | 41 |
| خىتايلار | 23 (54.76%) | 22 (53.7%) |
| خىتاي مۇسۇلمان | 2 (4.76%) | 2 (4.88%) |
| ئۇيغۇر | 10 (%23.81) | 10 (24.39%) |

(45) 倪偉峰,〈MIT經濟學教授: 國家緣何失敗?〉,財新網, 2012年05月17日 08:39.
(46) 張子宇,〈對話哈佛大學教授詹姆斯•羅賓森:中國最大的挑戰是如何實現包容型制度〉,《時代週報》182期, 2012-05-24 03:30:51.

| | | |
|---|---|---|
| قازاق | 3 (7.14%) | 3 (7.32%) |
| قىرغىز | 1 (2.38%) | 1 (2.44%) |
| تاجىك | 1 (2.38%) | 1(2.44%) |
| موڭغۇل | 1 (2.38%) | 1(2.44%) |

خ ك پ نىڭ 18 – قۇرۇلتىيىغا خىتاي ۋە خىتاي بولمىغان 42 نەپەر پارتىيە ئەزاسى سايلانغان[47] بولۇپ، بۇنى 2007 – يىلى ئېچىلغان خ ك پ 17 – قۇرۇلتىيىغا سېلىشتۇرغاندا بىر سان ئارتۇقتۇر.[48] ئەمما، بۇ ئارتۇق بىر سان خىتاي ۋەكىلگە بېرىلگەن. ئەڭ چوڭ ئېھتىمال، بۇ سان خ ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى ئەزاسى ۋە خ ك پ مەركىزىي سىياسىي – قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى جۇ يوڭكاڭغا بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن. جۇ يوڭكاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن سايلىنىشى ناھايىتى غەلىتە بىر ئەھۋال. چۈنكى، جۇ يوڭكاڭ خ ك پ مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ ساندىن پايدىلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم، جۇ يوڭكاڭ 2009 - يىلى 5 – ئىيۇل كۈنى يۈز بەرگەن ئۈرۈمچى ۋەقەلىرىدىن كېيىن، رايوننىڭ خەۋپسىزلىكىگە مەسئۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خ ك پ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان بولۇشى مۇمكىن. جۇ يوڭكاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان ساندىن پايدىلىنىشى يەرلىك خەلقنىڭ ھەق – ھوقۇقىنى ئاياق - ئاستى قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوخشاش ئەھۋالنى باشقا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، خۇنەن ئۆلكىسىدىن شەرقىي تۈركىستان خ ك پ پارتكوم سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەن جاڭ چۈنشيەن، ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، خېبېي ئۆلكىسىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش ئارمىيەسىنىڭ كومىسسارلىقىغا تەيىنلەنگەن چې جۈن، ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، جىلىن ئۆلكىسىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەن خەن يوڭ ۋە يەنە ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن بېيجىڭدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ پارتكوم سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەن لىيۇ جيەن قاتارلىق كىشىلەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ئادەملىرى

(47)〈新疆維吾爾自治區選舉產生出席中國共產黨第十八次全國代表大會代表〉，《新疆日報》，2012-5-29 0:33:00.
(48)〈新疆維吾爾自治區選舉產生中國共產黨第十七次全國代表大會代表名單〉,《新疆新華網》，2007年06月12日11:17:03.

بولمىغان بۇ پارتىيە ۋەكىللىرى تەبىئىي ھالدا رايوننىڭ ساننى ئىگەللىۋالغان بولىدۇ. بۇنداق قەستەن قىلىنغان ھەرىكەتلەر، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشقۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاپتونومىيەنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، 17 – قۇرۇلتايغا قاتناشقان خىتاي پارتىيە ئەزالىرى (مۇسۇلمان خىتايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن خىتاي بولمىغانلارنىڭ ئارىسىدىكى نىسبەت سېلىشتۇرمىسى 58.58% ۋە 41.42% ، 18 – قۇرۇلتايدىكى نىسبەت سېلىشتۇرمىسى بولسا 59.52% ۋە 40.48% دۇر. بۇنىڭدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقىنىڭ خ ك پ قۇرۇلتىيىدىكى ۋەكىللىك ھوقۇقىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ۋەكىللەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى نۇر بەكرى ئاران خ ك پ 18 – قۇرۇلتىيىنىڭ 205 ئادەمدىن تەشكىل تاپقان خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تىزىملىكىگە كىرەلىگەن. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەركىنجان تۇراخۇن بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمانجان (قازاق)، 171 ئادەمدىن تەشكىل تاپقان خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالغان. ئەمما، ئەركىنجان تۇراخۇننىڭ 18 – قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئىچىدە يوق تۇرۇپمۇ، خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زاپاس ئەزالىرى تىزىملىكى ئىچىگە كىرىشى ناھايىتى غەلىتە بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. خىتاي مىللىتىدىن بولغان جاڭ چۈنشيەن، 25 ئادەمدىن تەشكىل تاپقان خ ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 2007 [49]، 2008 [50]، 2009 [51]، 2010 [52] ۋە 2011 [53]- يىللىرىدا خ ك پ غا ئەزا بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار (خىتايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە

(49) 〈新疆黨員幹部隊伍充滿生機與活力〉,《天山網》, 2008年07月01日 08:41:34.
(50) 郭倩 ve 譚清,〈新疆2008年發展黨員4.31萬名 新發展黨員品質提高〉,《天山網》, 2009年07月01日 11:32:15.
(51) 〈授權發佈：2009年新疆黨內統計公報〉,《天山網》, 2010年07月01日 07:51:30.
(52) 自治區黨委組織部, 〈2010年中國共產黨新疆維吾爾自治區黨內統計公報〉, 《今日新疆》, 2011年7月14日 18:54:48; 〈永葆黨的生機與活力〉, 《天山網》, 2011年11月15日 17:23:23.
(53) 〈新疆黨員總數達到136.6萬名〉,《新疆日報》,2012年7月2日12:31:00; 郭倩, 〈新疆黨員總數136.6萬名文化程度大幅提高職業多元化〉,《新疆日報》,2012年7月2日8:54:00.

ئالدۇ) سانىنىڭ ئاستا سۈرئەتتە ئاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشتىن باشقا، ئېشىش نىسبىتىنىڭ دەل ئەكسىچە تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

| يىل/رەقەملەر | رايون ئەزا سانى | ئاز سانلىق مىللەتلەر سانى | نىسبىتى(%) |
|---|---|---|---|
| 1955 | 54,559 | 648 ,21 | 39.6 |
| 2007 | 1,213,100 | 467,000 | 38.50 |
| 2008 | 1,248,300 | 497,500 | 38.41 |
| 2009 | 1,284,900 | 492,700 | 38.34 |
| 2010 | 1,322,100 | 507,100 | 38.36 |
| 2011 | 1,366,000 | 521,200 | 38.16 |

بۇنىڭ بولۇپمۇ 2009 – يىلى 5 – ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىشى، شەرقىي تۈركىستانلىق يەرلىك خەلقنىڭ خ ك پ دىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ ھۆكۈم توغرا بولغان تەقدىردە، خ ك پ نىڭ شەرقىي تۈركىستاننى باشقۇرۇش ھوقۇقى تەۋرىنىشكە باشلىشى مۇمكىن.

تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ خ ك پ نىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 1949- يىلى 9 – ئۆكتەبىر كۈنى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا خ ك پ نىڭ شۆبىسى قۇرۇلغان ئىدى. 1955 – يىلى 1 – ئۆكتەبىر كۈنى شەرقىي تۈركىستانغا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» سالاھىيىتى بېرىلگەندىن كېيىن، خ ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىمۇ قۇرۇلغان ئىدى. 1955 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا 54 مىڭ 559 خ ك پ ئەزاسى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، خىتايلىق خىتاي بولمىغانلارنىڭ سانى 21 مىڭ 648 بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 39.6% نى ئىگىلەيتتى. ئوخشاش مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستاندا دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ سانى 85 مىڭ 709، خىتايلىق خىتاي بولمىغانلارنىڭ سانى 46 مىڭ 756 بولۇپ، ئومۇمىي رەقەمنىڭ 54.55% نى ئىگىلىگەن.[54] شەرقىي تۈركىستاندىكى خ ك پ كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى سەيپىدىن ئەزىزى 1956 – يىلى ئېچىلغان خ ك پ 8 – قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىدە،

(54) 成立新,<建國60年新疆成就–新華網新疆頻道： 1949年11月9日《新疆日報》報導中共中央新疆分局成立>, 《新華社新疆網》, 2009年08月18日.

شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي 65 مىڭ خ ك پ ئەزاسى بارلىقنى، يېقىنقى ئالتە يىلدىن بېرى 34 مىڭ 24 ئەزا قوبۇل قىلىنغانلىقنى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 27 مىڭ 833 كىشىنىڭ بولسا (81.8%)، خىتايلىق خىتاي بولمىغان مىللەتلەردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقنى تەكىتلىگەن ئىدى.[55] شەرقىي تۈركىستاندىكى خ ك پ كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قارىشىدا، رايوندا 62 مىڭ 479 پارتىيە ئەزاسى(ئارمىيە ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ) بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 27 مىڭ 833 كىشى خىتاي مىللىتىدىن بولمىغان مىللەتلەردىن تەشكىل تاپاتتى.[56] سەيپىدىن ئەزىزى بەرگەن مەلۇمات ئاساس قىلىنغاندا، خىتاي پارتىيە ئەزالىرى جەمئىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ (37167) 51.17% نى ئىگىلىگەن بولسا، خىتاي مىللىتىدىن بولمىغان مىللەتلەرنىڭ نىسبىتى 42.82% بولغان. خ ك پ نىڭ 1949 – يىلدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىدىن كېيىن، تۇنجى پارتىيە قۇرۇلتىيى 1956 – يىلى 9 – ئاينىڭ 15 – كۈنىدىن 27 – كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلغان بولۇپ، خىتايدىكى 10 مىليون 730 مىڭ پارتىيە ئەزاسىدىن 1026 ۋەكىل بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشقان. شەرقىي تۈركىستاندىكى 65 مىڭ پارتىيە ئەزاسىدىن بەزى ھۆججەتلەردە 13 كىشى [57]، بەزى ھۆججەتلەردە بولسا 14 كىشى[58] بۇ قۇرۇلتايغا ئىشتىراك قىلغان. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مىللەتلەرگە تارقىلىشى بويىچە بىر خىتاي، تۆت ئۇيغۇر(ياكى بەش)، بىر قىرغىز، بىر قازاق، بىر موڭغۇل ۋە بىر خىتاي مۇسۇلمان قۇرۇلتاي ۋەكىللىكىگە سايلانغان.

1949 – يىلى 12 – ئاينىڭ 27 – كۈنى شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى خ ك پ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان.

يەنى خىتاي پارتىيە ئەزالىرى(خىتاي مۇسۇلماننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن خىتاي بولمىغان پارتىيە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت سېلىشتۇرمىسى 46.15% ۋە 53.84% بولغان. بۇنىڭدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سان جەھەتتە خىتاي پارتىيە ئەزالىرىدىن كۆپ بولغانلىقىغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقىگە ئىمتىياز تونۇلغانلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، شەرقىي تۈركىستانلىق

(55) 中共中央辦公廳編,《中國共產黨第八次全國代表大會文獻》,北京:人民出版社, 1957:518.
(56) 中共中央辦公廳編,《中國共產黨第八次全國代表大會文獻》,1957:592.
(57) 新疆維吾爾自治區地方誌編纂委員會編, 《新疆通志》第14卷《共產黨志》, 烏魯木齊: 新疆人民出版社, 2001: 178.
(58) 張化,《中國共產黨第八次全國代表大會代表名錄》,北京:中共黨史出版社, 2010:749–759.

ۋەكىللەرگە خ ك پ مەركىزىدىن ئورۇن بېرىلمىگەن. شەرقىي تۈركىستانلىق پارتىيە



ۋەكىللىرى خ ك پ سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولالمايلا قالماستىن، 97 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىغىمۇ كىرەلمىگەن. سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ۋاڭ ئېنماۋ پەقەتلا خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ئەزالىرى ئىچىدىن (73 ئادەم) ئورۇن ئالالىغان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي پارتىيە ئەزالىرى يەرلىك خەلققە قارىغاندا كۆپ بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا ئانچە تەسىرى يوق ئىدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 1953 – يىلى ئېيۇن ئېيىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 873 مىڭ 608، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 640 مىڭ 12 [59] بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %74.69 نى ئىگىلىگەن. يەنە سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قازاقلارنىڭ سانى 509 مىڭ 375 (%10.45)، قىرغىزلارنىڭ سانى 70 مىڭ 944 (%1.46)، تاتارلارنىڭ سانى 6مىڭ929 (%0.14)، شىۋەلەرنىڭ سانى 19 مىڭ 22 (%0.39)، تاجىكلارنىڭ سانى 14 مىڭ 462 (%0.3)، ئۆزبېكلەرنىڭ سانى 3 مىڭ 629 (%0.07) ۋە رۇسلارنىڭ سانى 22 مىڭ

(59) 〈第一次全國人口普查主要資料〉,《中國人口統計年鑒1988》, 北京: 中國展望出版社, 1988: 272, 273.

656 (0.05%) بولۇپ، بۇ رەقەملەر بويىچە بولغاندا خىتاي ۋە خىتاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ نوپۇسى شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 12.45% نى(606 مىڭ 764) ئىگىلەيدۇ. ئەمما، بىر پارتىيە ھاكىمىيىتى پارتىيە ئەزالىرىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن ھاكىمىيەتنىڭ ھەر قاتلاملىرىدا پارتىيە ئەزالىرى باشقۇرغۇچى بولىدۇ. گەرچە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسى ئاز بولسىمۇ، جەمئىيەتنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتايلاردۇر. بۇمۇ ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنلۇق ياكى ئەمەسلىكىدە تالاش – تارتىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ دېموگرافىك قۇرۇلمىسى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىستېمىلىق ۋە پىلانلىق شەكىلدە يۈرگۈزگەن كۆچمەن سىياسىتىنىڭ تەسرىدە، خىتاي مەملىكەتلىك ئىستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ 2010 – يىلى ئېلىپ بارغان نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەمئىي نوپۇسى 21 مىليون 813 مىڭ 334 بولۇپ، 2000 – يىلى ئېلىپ بېرىلغان 5 – قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 3 مىليون 353 مىڭ 823 ئادەم ئاشقان. خىتاي نوپۇسى 8 مىليون 746 مىڭ 148(40..1) گە يەتكەن بولسا، خىتاي مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقىنىڭ نوپۇسى 13 مىليون 67 مىڭ 186(59.9%) بولغان. 2000 – يىلى ئېلىپ بېرىلغان 5 – قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشكە كۆرە، خىتاي نوپۇسى 1 مىليون 256 مىڭ 229 ئاشقان ۋە ئېشىش نىسبىتى 16.77% بولغان. خىتاي نوپۇسى 1953 – يىلىدىكى تەخمىنەن 600 مىڭدىن 2010 – يىلىدىكى 9 مىليونغا كۆپەيگەن. 57 يىل ئىچىدە خىتاي نوپۇسى قانداقلا بولمىسۇن 8 يېرىم مىليون كۆپەيگەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقىنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 97 مىڭ 594 ئاشقان ۋە ئېشىش نىسبىتى 19.12% گە يەتكەن.[60] خىتاي نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خ ك پ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان خىتاي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىمۇ ماس ھالدا ئاشقان. بۇ شەرقىي تۈركىستاندا ھەم خىتاي پارتىيە ئەزالىرى ھەمدە پارتىيە ئەزالىرى بولمىغان خىتايلارنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇشىغا يول ئاچقان.

### يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياستى

شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ، ماۋ زېدۇڭدىن كېيىنكى

(60) 〈新疆維吾爾自治區2010年第六次全國人口普查主要資料公報〉, 新疆維吾爾自治區統計局, 2011年5月6日

ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەر دېڭ شياۋپىڭ تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تاماملىشى، بۇ تەرەققىيات جەريانىدا كۆرۈلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، يەرشارى خاراكتېرلىك سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەڭپۇڭسىزلۇقنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتايغا قارىتىلغان بېسىملارنى بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ھەل قىلىش پىلانلىرى بولۇشى كېرەك. ھەل قىلىش چارىلىرىدىن ئەڭ مۇھىم بولغىنى سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدۇر. بۇ سىياسىي ئىسلاھات شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك. 1949 – يىلىدىن بۇيان يۈز بەرگەن نۇرغۇنلىغان قوزغىلاڭلار ۋە ھۆكۈمەتكە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلغان سىياسىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنى بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى مۇقىملىقنى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ مۇقىمسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۈرۈمچى ۋەقەسى پارتىلىغاندىن كېيىن، خ ك پ سىياسىي بيۇروسى ئەزاسى ۋە گۇاڭدوڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى ۋاڭ ياڭ ۋەقە ھەققىدە توختىلىپ، خىتاينىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى.[61]

شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتى سىياسەتتە ئالدى بىلەن خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشكە ئەھمىيەت بېرىشنى بەلگىلىدى، ئەمما شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىدە ھازىرچە بىر يېڭىلىق ياراتمىدى. نۆۋەتتە، بېيجىڭ تەرىپىدىن ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2020 – يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاننى ئوتتۇرا ھاللىق جەمئىيەت سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش پىلانى بويىچە ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىق سىياسىتى يولغا قويۇلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، قارشىلىق قىلغان ۋە ھاكىمىيەتكە قارشى چىققۇچىلارنى ئەنئەنىۋى قاتتىق ئۇسۇلدا باستۇرۇش سىياسىتى داۋاملاشماقتا. ئۇيغۇر مەسىلىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ سەۋەبلىرىگە قارىتىلمىغان بۇ ھەل قىلىش سىياسىتى ۋاقىتلىق ۋە يۈزەكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتتە رايوننىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن مەسىلىنى يىلتىزىدىن باشلانغان بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. خىتاينىڭ سىياسىي ئىسلاھات ۋە بولۇپمۇ دېموكراتىيەلىشىش مۇساپىسىنى باشلىشى بىلەن بىرگە، خىتاي

(61) 胡鍵,<汪洋妙答境外記者縱論「轉型廣東」>,《南方日報》A02版, 2009年7月31日.

بولمىغان ئاز سانلىق خەلقلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنىڭ بېرىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمەلىيەتتە، بۇ پەقەتلا سىياسىي ئەخلاق مەسىلىسى ئەمەس، ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە، خەلقئارالاشقان تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى خىتاينىڭ كېلەچىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، خىتاينىڭ چوڭ كۈچ بولۇش ئارزۇسىغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قانداق سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا باغلىق، يەنى دېموكراتىيەلىشىش مۇساپىسىنىڭ قانداق رول ئوينىشىغا باغلىقتۇر. شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئالدىدا بىرىنچى، دۇنيادىكى ئۈچتىن ئىككى قىسىم دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان دېموكراتىيەلىشىش ئىسلاھاتىنى باشلاش؛ ئىككىنچى، خىتايغا خاس دېموكراتىيەلىشىش مۇساپىسىنى باشلاش؛ ئۈچىنچىسى، مەۋجۇت سىياسەتنى داۋاملاشتۇرۇشتەك ئۈچ يول بار. تۆۋەندە بۇ ئۈچ يولنىڭ بەزى ئۆلچەملىرى ۋە شى جىنپىڭنىڭ يۈرگۈزۈش ئېھتىمالى بولغان شەرقىي تۈركىستان سىياستى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

مەۋجۇت سىياسەتنى داۋاملاشتۇرۇش يولى: شى جىنپىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ يولدا خەتەر ئاز، سابىق رەئىسلەر ۋە ھازىرقى پارتىيە ئەزالىرى ئانچە نارازى بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما، 20 يىلدىن بېرى جۇغلىشىپ قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشى ھەمدە ئۆزگىرىۋاتقان دۇنياۋى تەرەققىياتلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان تاشقى سىياسەتلەر پاتقىقىغا پېتىپ قىلىشى مۇمكىن. ئۇزۇن مەزگىلدە خ ك پ ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلۇق ئورنى مۇنازىرە قوزغىشى ھەتتا تەۋرىنىشكە باشلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

● شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ سۆزدە (ئەمەلىيەتتە ئەمەس) ئىجرا قىلىنىشى داۋاملىشىدۇ.

● ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك كىرىزىسى داۋاملىشىدۇ. ئەمما، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئەنئەنىۋى قاراشلارغا ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا بېسىم ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى قايتا قۇرۇش ئارقىلىق ساغلاملىشىش ئېھتىمالى يۇقىرى.

● خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىشى، تۆۋەن كۆرۈشى ۋە كەمسىتىشى داۋاملىشىدۇ.

● ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك دەۋاسى داۋاملىشىدۇ ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

● شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇقىمسىزلىق داۋاملىشىدۇ.

● غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قىيىنلىشىدۇ.

● ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدا رايون ۋە چېگرا خەۋپسىزلىك مەسىلىلىرى داۋاملىق يۈز بېرىدۇ.

● ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ يىپەك يولى (ياۋرو - ئاسىيا) سىياسىتىگە ھەسسە قوشمايدۇ، بەلكى زىيان سالىدۇ.

**خىتايغا خاس دېموكراتىيەلىشىش يولى:**

شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنى تاللاش ئەڭ مۇۋاپىق. خىتاينىڭ سىياسىي تۈزۈمى خ ك پ نىڭ رەھبەرلىكىدە تەدرىجى ھالدا دېموكراتىيەلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن. يەنى خىتاينىڭ دېموكراتىيەلىشىش مۇساپىسى بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تاماملىنىشى مۇمكىن. خىتاينىڭ چوڭ دۆلەت (great power) بولۇش يولىدا دۇچ كېلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىچكى ۋە تاشقى مەسىلىلىرى دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن ھەل بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە خىتايىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بىر دۆلەت ھالىغا ئەكىلەلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى بولسا:

● ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە قانۇنى ئىجرا قىلىنىشى مۇمكىن، ئەمما كەڭ دائىرىلىك ئىجرا قىلىنمايدۇ.

● ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قىسمەن قوغدىيالىشى مۇمكىن.

● خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش، تۆۋەن كۆرۈش ۋە كەمسىتىشى ئازىيىشى مۇمكىن.

● ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك تەلەپلىرى مۇئەييەن قاتلامدا داۋام قىلىدۇ.

● غەربىي شىمال رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسى قىسمەن

ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن.

● ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدا رايون ۋە چېگرا خەۋپسىزلىك مەسىلىلىرى قىسمەن ھەل قىلىنىشى مۇمكىن.

● ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ يېڭى يىپەك يولى (ياۋرو – ئاسىيا) سىياسىتىگە قوشىدىغان تۆھپىسى يېتەرسىز بولىدۇ.

**غەربچە دېموكراتىيەلىشىش يولى:**

شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتى نۇقتىسىدىن بۇ تاللاشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بىر پارتىيەلىك ھاكىمىيەت سىستېمىسىدىن باشقا بىر يول تۇتۇش ئېھتىمالى يوق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، دېموكراتىيەنى بىر ھاكىمىيەت سىستېمىسى ياكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشمۇ ناھايىتى تەس. يەنە كېلىپ، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىققە ئېرىشىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق بىلەن بىرگە، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە زىيان سالىدىغان ۋە ھاكىمىيەتنى تەۋرىتىدىغان ھېچقانداق ئېھتىماللىققا ئورۇن بەرمەيدۇ. خىتاي غەربچە دېموكراتىيە تۈزۈمىنى قوبۇل قىلغان تەقدىردە بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى:

● شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇلۇش ئېھتىمالى بار.

● ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قوغدىيالىشى مۇمكىن، ئەمما دېموكراتىك سىستېمىدا ئاسمىلاتسىيە بولۇش ئېھتىمالىمۇ يۇقىرى.

● خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش، تۆۋەن كۆرۈش ۋە كەمسىتىشى كۆپ ئازىيىدۇ، ئەمما خىتاينىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن يېپيق شەكىلدە داۋاملىشىشى مۇمكىن.

● ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك تەلىپى قىيىنلىشىدۇ، ئەركىنلىك دەۋاسى چېكىنىشكە يۈزلىنىدۇ.

● شەرقىي تۈركىستاندا مۇقىملىق يۇقىرى دەرىجىدە ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن.

● غەربىي شىمال رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئىشقا

ئېشىش ئىمكانىيەتلىرى كۆپىيىدۇ.

● ئوتتۇرا ئاسىيا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، رايون ۋە چېگرا بىخەتەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەل بولىدۇ. شۇنىڭدەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېتنىك، دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بۇ رايونغا ئىستراتېگىيەلىك چوڭقۇرلۇق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

● ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ يېڭى يىپەك يولى(ياۋرو – ئاسىيا) سىياسىتىگە تۆھپە قوشۇشى مۇمكىن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي سالاھىيىتى، باياشاتلىق دەرىجىسى ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان سىياسىتى خىتاينىڭ كېلەچىكىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مول بايلىقلارغا ئىگە ۋە سىرتقى تەھدىتلەرگە قارشى خىتايىنى قوغدايدىغان تەبىئىي بىخەتەر قالقان ھېسابلىنىدۇ. بىر ئىشىك ياكى بىر كۆۋرۈك بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاينىڭ ياۋرو – ئاسىياغا قاراپ يېيىلىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. تۈرك ۋە مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭغا بولغان ساداقىتى، خىتاينىڭ ياۋرو – ئاسىيادىكى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. بۇنىڭ ئەكسىچە بېيجىڭدىن يىراقلىشىشى خىتاينىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ھەتتا تاشقى خەۋپلەرنى يارىتىپ، خىتاينىڭ ياۋرو – ئاسىيادىكى مەنپەئەتلىرىگە زىيان سالىدۇ. بېيجىڭنىڭ نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى بىلەن، يەنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە مائارىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر نەتىجىگە ئېرىشەلىشى تەس. مىسالغا ئالساق، ئىرېلاندىيە، شوتلاندىيە، كاتالونىيا، باسك، كورسىكا، باۋيېرا ۋە كۇبېك قاتارلىق جايلارنىڭ بۆلۈنۈش چۈشەنچىلىرى مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى بىلەن ئاخىرلاشقىنى يوق. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى مۇھىم ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ■

تەرجىمە قىلغۇچى: م. كۆكيار

مۇھەررىرى: پروفېسسور ئالىمجان ئىنايەت

دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان

دوكتور نەبىجان تۇرسۇن

# لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى

## (1917-1924- يىللىرى)

1917 - يىلىدىكى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدى –كەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى پەرغانە ۋادىسى، يەتتەسۇ ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئەڭ كۆپ ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشىغان ئىدى.

پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردىكى بۇ ئۇيغۇرلار ئەسلى كۆچۈپ چىققان رايونى قەشقەرىيە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئادەتتە يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتالغان. يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى ئىلى تەرەپتىن كېلىپ يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلار ئۇلارنى تارانچىلار دەپ ئاتىغان ئىدى.

ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار سوۋېت رۇسىيىسىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەردىن ئورۇن ئالدى ھەمدە سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىدا يۈز بەرگەن بارلىق سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋەقەلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى.

ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان تۈرلۈك تەشكىلاتلار ۋە گۇرۇپپىلار شەكىللىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان شەرق خەلقلىرىنىڭ مۇستەملىكىلەردىن قۇتۇلۇش يولىدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرەش چاقىرىقى بويىچە ئۆز ۋەتىنىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلاتلار ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىدى. 1918 - 1924 - يىللىرى ئارىسىدا پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى

مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مەيدان ئۆز ئانا ۋەتىنىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاپ، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەرىكىتى ئەۋجى ئالغان بولۇپ، بۇنداق غايىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تەشكىلات سۈپىتىدە «ئالتىشەھەر – جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» ئىش ئېلىپ بارغان ئىدى. سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىكى ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى -تۈركىستان كومىسسىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە ئىككى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش پىلانى بويىچە ئىشقا كىرىشكەن ھەم سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن مەزكۇر تەشكىلات بىر مەزگىللىك مەۋجۇدىيىتىدىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلدى. بۇنىڭدا لېنىن باشلىق كرېمىل ۋە تاشقى ئىشلار رەھبەرلىرىنىڭ رولى چوڭ بولغان ئىدى. ئۇيغۇر ئېلىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاش ئارقىلىق مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئەمەلىيەتتە لېنىن باشچىلىقىدىكى كرېمىلنىڭ شەرق ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي سىياسىي تەقدىرى لېنىننىڭ 1918 – 1924 - يىللىرىدىكى شەرق ئىستراتېگىيىسىدە قۇربان قىلىۋېتىلىش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. نەتىجىدە، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ «ئۇيغۇرىستان» ھەرىكىتى نابۇت بولدى. ئەمەلىيەتتە، 1924 - يىلدىن كېيىن ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن يوسىف ستالىن لېنىننىڭ 1921 – 1924 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ئېلىدە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى قوللىماسلىق سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ستالىن 1930 - ۋە 1940 - يىللاردىمۇ لېنىن دەۋرىدە چىقىرىلغان قارار بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ لېنىن دەۋرىدىكى، يەنى 1917 – 1924 - يىللىرى ئارىسىدىكى شەرق سىياسىتىدىكى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى چۈشىنىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 70 يىللىق مەۋجۇدىيىتى ۋە ئىلگىرىكى چار رۇسىيە ھەم ھازىرقى يېڭى رۇسىيىسىنىڭ بۇ ئۆلكىگە قاراتقان ھەم داۋاملاشتۇرۇۋاتقان سىياسىتىنى چۈشىنىشتە مەلۇم دەرىجىدە ئەھمىيەتلىكتۇر.

### شەرق ئىستراتېگىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشىدە قەشقەرىيە

1914 - يىلى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، چار رۇسىيە ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئانتانتا دۆلەتلىرى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ۋە بولغارىيىدىن ئىبارەت ئىتتىپاقچى دۆلەتلەرگە قارشى ئۇرۇشقا كىردى. چار رۇسىيىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىشى رۇسىيە

پۇقرالىرى ئۇچۇن ئېغىر ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى بېسىم پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە رومانوۋلار ئائىلىسىنىڭ يادروسىدىكى چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇرۇشتىن قۇتۇلۇش، ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئەۋجى ئالدى. 1917 - يىلى، 27 -فېۋرال كۈنى مۇنارخىزمغا قارشى كۈچلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، رۇسىيە جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ يەنە پېتېرگرادتا ئىشچىلار ۋە ئەسكەرلەر ۋەكىللەر كېڭىشى قۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن تەڭ ھاكىمىيەت ئىگىلەشكە تىرىشتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پېتېرگراد ئىشچى-ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى كېڭىشى تەركىبىدە بولشېۋىكلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، %90 ئورۇننى ئىگىلىدى شۇنىڭدەك يەنە بىر قېتىملىق ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلدى.[1] پۈتۈن رۇسىيە ئىشچى-ئەسكەرلەر كېڭىشىنى تەسىس قىلغان رۇسىيە بولشېۋىكلىرى 1917 - يىلى، 25 - ئۆكتەبىر كۈنى (يېڭى كالېندار بويىچە 7 - نويابىر كۈنى) قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قورallıق ۋاستە بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى. نەتىجىدە، شۇ كۈنى قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ، پۈتۈن رۇسىيىنىڭ بىردىنبىر ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ھېسابلىنىدىغان خەلق كومىسسارلار كېڭىشىنى سايلاپ، ۋلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن رەئىسلىك ئورنىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بولشېۋىكلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى پۈتۈن رۇسىيە مىقياسىدا ئەمەلگە ئېشىش يولىغا كىردى. سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى رۇسىيىنىڭ دۇنيا ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقى، ئۇرۇش قىلىۋاتقان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ دەرھال تىنچلىق سۆھبىتىگە ئولتۇرۇپ، ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشى لازىملىقىنى جاكارلاش بولدى.[2] سوۋېتلەرنىڭ بۇ چاقىرىقى ئۇرۇشقا قارشى رۇسىيە پۇقرالىرى ۋە ئىشچى-ئەسكەرلىرى ھەم بىر قىسىم پارتىيە – گۇرۇھلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ بولشېۋىكلارنىڭ تېزدىن ھاكىمىيەتنى ئىگىلىشىگە ئاساس ياراتقان ئىدى. بولشېۋىكلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى دۆلىتىنىڭ ئىسمىنى رۇسىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ سوۋېت جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتاپ، تېز سۈرئەتتە بىر قاتار سىياسىي، يەر، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارغا كىرىشتى. بىراق، سوۋېت رۇسىيىسى

(1) Grazhdanskaya voina v Rosisi: ensklopedia katastrofy (رۇسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش: ئاپەتلەر قامۇسى). Moskva. Sibirskiy Siryulnik, 2010. s.27.

(2) Revolutsia i grazhdanskaya voina v Rossii: 1917-1923gg. Ensklopedia 4 tomakh. T.3 .S.284-290 (1917 - 1923 - يىللىرىدىكى رۇسىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش).

مەملىكەت ئىچىدە بولشېۋىكلارنىڭ مۇنداق قوراللىق ۋاستە بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋېلىشىغا قارشى چىققان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرەپدارلىرى، سابىق چار پادىشاھ تەرەپدارلىرى ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە-گورۇھلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشقا قارشىلىق كۆرسىتىلدى. تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ۋە ئوسمانلى قوشۇنلىرى رۇسىيە، ئۇكرانىيە، بالتىق ۋە كاۋكازىيە رايونلىرىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇملارنى قوزغاپ، خېلى كۆپ قىسىم زېمىنلارنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا رۇسىيە زېمىنىنى ئەڭ كۆپ ئىگىلىگەن مەملىكەت يەنىلا گېرمانىيە ئىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى گېرمانىيە باشلىق ئىتتىپاقچى دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە 1918 - يىلى، 3 - مارت كۈنى بېلارۇسىيىدىكى برېست-لىتوۋسكى شەھىرىدە ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان گېرمانىيە، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى، ئاۋستىرىيە-ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى ۋە بولغارىيىدىن ئىبارەت ئىتتىپاقچى دۆلەتلەر بىلەن «برېست –لىتوۋسكىي تىنچلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، رۇسىيىنىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش توختىتىپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. شەرتنامە بويىچە گېرمانىيە ئىگىلىگەن رۇسىيە تۇپراقلىرىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇكرائىنىيە، بالتىق بويى، فىنلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر رۇسىيىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى. «برېست-لىتوۋسكىي شەرتنامىسى» رۇسىيىدىكى مىللەتچىلەر گورۇھلىرى، سوتسىيال دېموكراتلار، سابىق چار پادىشاھ ھىمايىچىلىرى ۋە باشقىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان بولۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۇلار تەرىپىدىن «ساتقۇنلۇق» بىلەن ئەيىبلەندى شۇنىڭدەك بولشېۋىكلارغا قارشى كۈچلەر لېنىن باشچىلىقىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان مەزكۇر بولشېۋىكلار گورۇھىنىڭ گېرمانىيە رازۋېتكا ئورگىنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، گېرمان مەنبەلەغلىرى بىلەن ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەنلىكىنى ئەيىبلىدى.

ئەسلىدە چار رۇسىيە ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى ئانتانتا دۆلەتلىرى گورۇھىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتمۇ مەزكۇر ئىتتىپاقداشلىقنى ساقلاپ قالغان ئىدى. بىراق، بولشېۋىكلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىشى بىلەن ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، رۇسىيىنىڭ ئانتانتادىن چىقىپ كېتىشى ئانتانتا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن قەتئىي قوبۇل قىلىنمىدى، ئانتانتا دۆلەتلىرى «برېست-لىتوۋسكىي شەرتنامىسى» نى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە سوۋېت رۇسىيىسىگە ھەربىي قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىشقا كىرىشتى.

نەتىجىدە، ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشى بىلەن باشلانغان پۈتۈن رۇسىيىدىكى گىراژدانلار ئۇرۇشى تېخىمۇ مۇرەككەپ باسقۇچقا كىرىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، خىتاي قاتارلىق 14 دۆلەت ھەربىي قوشۇنلىرى رۇسىيە تۇپراقلىرىغا كىردى. سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ قىزىل ئارمىيىسى بىر تەرەپتىن ئاقلار ئارمىيىسى بىلەن يەنە بىر تەرەپتىن مەزكۇر دۆلەت قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

1918 - يىلى، 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئادمىرال ئالېكساندىر كولچاك ئومسك شەھىرىدە بارلىق سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلەرنىڭ بىرلەشمىسىدىن تۈزۈلگەن پۈتۈن رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە بىلەن ئاقلار قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇش تېخىمۇ شىددەتلىك تۈس ئالدى.

كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پۈتۈن سابىق چار رۇسىيە تېررىتورىيىسىنىڭ ھەممە يېرىدە، كاۋكاز، ئوتتۇرا ئاسىيا، يىراق شەرق ۋە باشقا جايلاردا قىزىللار بىلەن ئاقلار، قىزىللار بىلەن چەتئەل كۈچلىرى، قىزىللار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىللىق قوراللىق كۈچلىرى ئارىسىدا داۋاملاشقان بولۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ياكى تۇرماسلىقى قاتتىق سىناققا دۇچ كەلدى. ئۇلۇغ برىتانىيە باشچىلىقىدىكى ئانتانتا دۆلەتلىرى كوممۇنىستلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى سوۋېت رۇسىيىسىنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئادمىرال كولچاك باشچىلىقىدىكى ئاقلار ھەرىكىتىنى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىغان بولۇپ، رۇسىيىنىڭ ئەتراپى، يىراق شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكازىيە، بالتىق بويى ۋە باشقا جايلار ئۇلۇغ برىتانىيە باشلىق ئانتانتا دۆلەتلىرى تەسىر دائىرىسى ئىچىدە سوۋېت ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن قورشاۋ ھاسىل قىلغان ئىدى. ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غالىپ چىقىپ، ئاۋسترىيە-ۋېنگرىيە، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ۋە گېرمانىيىنى تەسلىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سوۋېت رۇسىيىسى بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمەنگە ئايلانغان ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈچۈنمۇ بىرىنچى نومۇرلۇق تاشقى دۈشمەن ئۇلۇغ برىتانىيە باشلىق ئانتانتا دۆلەتلىرى ئىدى. ئۇلۇغ بېرىتانىيە باشلىق غەرب دۆلەتلىرى ئۈچۈن «قىزىل ئىمپېرىيە» چار پادىشاھ ئىمپېرىيىسىدىن خەتەرلىك تۇيۇلۇپ، ئىنسانىيەتنى ئىككى لاگېرغا بۆلۈۋەتكەن مەزكۇر سوۋېت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا رۇس شوۋىنىستىك مىللەتچىلىك ئېڭىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ياۋروپا سىياسىي ۋە مەدەنىيىتى چەمبىرىكىگە مەنسۇپ ھەم

كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي سىستېمىنى ھىمايە قىلىدىغان رۇسىيە سىياسىي، ھەربىي ۋە سودا-ئىقتىسادىي گۇرۇھىنىڭ قاتنىشىشىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تىكلىنىشىنى قوللاشنى قارار قىلغان ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئانتانتا دۆلەتلىرىنى «ئىمپېرىيالىست دۆلەتلەر» دەپ ئاتاپ، شەرقتە، بولۇپمۇ غەربىي، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيادا بىر مەيدان مەزكۇر «ئىمپېرىيالىستلار» ۋە «مۇستەملىكىچىلەر» گە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ، بۇنىڭدىن ئىچكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋېلىش ئۈچۈن پايدىلىنىماقچى بولدى.

ۋلادىمىر ئىلىئچ لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ شەرق ئىستراتېگىيىسىدە ئوتتۇرا شەرق رايونىدا مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى تۈرك خەلقىنىڭ ئەنگلىيە باشلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قارشى مىللىي قۇتۇلۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئانتانتا دۆلەتلىرىنى كاۋكازىيە ۋە كىچىك ئاسىيا رايونىدىن چىقىرىۋېتىش، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇخارا ۋە خارەزمنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللاش ئارقىلىق ئافغانىستاننىڭ ئۇلۇغ برىتانىيىدىن قۇتۇلۇشىغا ئىلھام ۋە ياردەم بېرىش ھەمدە ھىندىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ ۋە قوزغاپ، ئىنگلىزلارنى ھىندىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش، خىتاي ھۆكۈمىتى (شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى) بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، گۇئاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن مەخپىي ھەمكارلىق قۇرۇپ، خىتاينىڭ ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ سوۋېتكە قارشى بازىسىغا ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە خىتايدا مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ھەرىكەت قوزغاپ، خىتايدىكى برىتانىيە، ياپونىيە ۋە باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى تازىلاپ، سوۋېت رۇسىيىسىگە دوست ھۆكۈمەتلەرنى بەرپا قىلىش قاتارلىق تۆرلۈك پىلانلار تۈراتتى.

بولۇپمۇ سوۋېت رۇسىيىسى ئۈچۈن شەرقتىكى مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ كۈچى ئارقىلىق برىتانىيىنى جەنۇبىي ئاسىيادىن ھەيدىۋېتىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان ئۇيغۇر ئېلى بۇرۇندىنلا چار رۇسىينىڭ سودا-ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي-سىياسىي مەنپەئەت دائىرىسىدە بولۇپ كەلگەن ئىدى، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىپ، بۇ جاينى ئۆز خەرىتىسىگە كىرگۈزۈش جەريانىدا باشتىن-ئاخىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنىڭدەك چىڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن چار رۇسىيە ئارىسىدا بۇ زېمىنگە ئائىت بىر قاتار كېلىشىملەر تۈزۈلگەن ئىدى. 1871 - يىلى، رۇسىيە قوشۇنلىرى بىر قەدەر كەڭ ھەربىي

ھۇجۇم ئارقىلىق ياقۇپبەگ رەھبەرلىكىدىكى قەشقەر دۆلىتى بىلەن بىر سىياسىي گەۋدىگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئىلى تارانچى (ئۇيغۇر) سۇلتانلىقىنى يوقىتىپ، ئىلى ۋادىسىنى ئۆز خەرىتىسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، بۇ جايدا ھەربىي-مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇش بىلەن ياقۇپبەگ بەدۆلەتىنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىنى بىرلەشتۈرگەن، بىرلىككە كەلگەن ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان دۆلىتىگە ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

چار رۇسىيە يەنە ياقۇپ بەگ رەھبەرلىكىدىكى قەشقەرىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ قەشقەرىيىگە تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ ئەتراپتىكى مۇسۇلمان ئەللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، رۇسىيىگە قارشى ئىتتىپاق قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشى رۇسىيە دائىرىلىرىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرگەن ھەمدە مۇنداق ئەندىشە ياقۇپبەگنىڭ قوقەنت خانى خۇدايار خان بىلەن رۇسىيىگە قارشى ھەمكارلىق ئورنىتىش ھەققىدىكى خېتى قولغا چۈشكەندىن كېيىن تېخىمۇ ئاشقان ئىدى.[3] ياقۇپبەگنىڭ رۇسىيىگە قارشى ئوسمانلى ۋە بىرىتانىيە بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشى چار رۇسىيىنى تېخىمۇ بىئارام قىلغان بولۇپ، رۇسىيە ھاكىمىيەت قاتلىمىدا ياقۇپبەگنى ھەربىي جەھەتتىن يوقىتىش مەسىلىلىرىمۇ مۇھاكىمە قىلىندى. بىراق، چار رۇسىيە تۈركىستان ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ ئوفىسېرى، قوقەنت ۋە سەمەرقەنت ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان گېنېرال ئالېكسېي كروپاتكىن ئۆزىنىڭ 1876 - 1877- يىللىرىدىكى قەشقەرىيىگە ئېلىپ بارغان رەسمىي ئەلچىلىك سەپىرىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈردى شۇنىڭدەك ياقۇپبەگنىڭ ئۇنچىۋالا قۇدرەتلىك مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرالمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كۈچ قۇدرىتىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى كۆپتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.[4] كروپاتكىننىڭ بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشى چار رۇسىيىنىڭ قەشقەرىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتىرىشىنى قوللىماسلىق، ئەگەردە قەشقەرىيە ھەقىقىي قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانسا، بىرىتانىيە ۋە ياكى ئوسمانلىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا

(3) S.V. Moyseyev. Musulmanskiy Faktor v Russko-Kashgarskikh Otnosheniyakh v 60-70-e gg. XIX veka

(19 - ئەسىرنىڭ 70-60 - يىللىرىدىكى رۇسىيە - قەشقەر مۇناسىۋەتلىرىدىكى مۇسۇلمان ئامىلى).
http://new.hist.asu.ru/biblio/vost/4.pdf.

(4) Kropatkin A.N. Kashgaria . СПб., 1879. s. 2.

(كروپاتكىننىڭ « قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىنىڭ سانىستپېتېربۇتگ نۇسخىسى. رۇسچە، 1879 - يىلى، 2 - بەت)

ئاسىيا رايونىدىكى تەسىر كۈچىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى كۈچەيتتى. ئۆزىنىڭ يېڭىدىن مۇستەملىكە قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ يېنىدا ھەر قانداق بىر قۇدرەتلىك مۇسۇلمان تۈركىي تىللىق خەلقلەر دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى خالىمايدىغان سانكتپېتېربۇرگ ھەتتا برىتانىيىنىڭ بىرلىكتە قەشقەرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋەياكى ئۇنى بىتەرەپ دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش تەكلىپلىرىنىمۇ رەت قىلىپ، چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ جايىنى ھەربىي كۈچ بىلەن ئىگىلىشىگە، ھەتتا ئىلىنى شەرتنامە تۈزۈش ئۇسۇلى بىلەن ئىگىلىشىگە يول قويغان ئىدى. بۇ خىل يول قويۇشلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىز-رۇس، رۇس-تۈرك رىقابىتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چۈنكى، 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن باشلاپ، چار رۇسىيە بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى جىددىيلەشكەن بولۇپ، چار رۇسىيە ئوسمانلى كونتروللۇقى ئاستىدىكى بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ئورتودوكس دىنىغا مەنسۇپ سلاۋيان خەلقلىرىنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى قوللاپ، ئۇلارنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ۋە بۇ پۈتۈن بوسفور ۋە داردانىل بوغازلىرىنى ئىگىلەشكە تىرىشتى.[5] ئۇلۇغ بېرىتانىيە بولسا، رۇسىيىنى قارا دېڭىز ۋە كاۋكازىيىدىن سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى.

1853 - 1856 - يىللىرى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا ئۈچ يىلغا سوزۇلغان قىرىم ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۇلۇغ بېرىتانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئوسمانلى تەرەپتە تۇرغان ئىدى. 1874 – 1876 - يىللىرى ئارىسىدا بالقان يېرىم ئارىلىدىكى سېربىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە قورچاق ھاكىمىيەتلەر رۇسىيىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئوسمانلىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى بىلەن چار رۇسىيە ئارىسىدا يەنە بىر مەيدان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلاش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ،1877 - يىلى رۇسىيىنىڭ ئوسمانلىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشى بىلەن 1878 - يىلىغىچە بولغان ئىككى يىللىق رۇس-تۈرك ئۇرۇشى پارتلىدى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان رۇس-تۈرك دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرىگە ياقۇببەگنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىنى ئوسمانلىغا تەۋە دەپ جاكارلىشى يېڭى مەزمۇن قوشتى. نەتىجىدە رۇس – تۈرك دۈشمەنلىكى قەشقەرىيە بىلەن باغلاندى.

(5) Krimskaya Voina (قىرىم ئۇرۇشى) http://militera.lib.ru/h/tarle3/01.html.

19 - ئەسرنىڭ 60 - يىللىرىدىن تارتىپ، چار رۇسىيىنىڭ كاسپىي بويى ۋە پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانى كونتروللۇق ئاستىغا ئېلىشى بىلەن رۇسىيە-بىرىتانىيە توقۇنۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن باغلاندى. ياقۇپبەگنىڭ بىرىتانىيە بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى رۇسىيە- بىرىتانىيە مەنپەئەت توقۇنۇشى بىلەن دۈشمەنلىكىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كىردى.

قەشقەرىيە رايونى 19 - ئەسىردىكى «چوڭ ئويۇندا» دائىم رۇسىيە بىلەن بىرىتانىيىنىڭ مەنپەئەت تالىشىش ۋە توقۇنۇش نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. چار رۇسىيە، ئۇلۇغ بىرىتانىيە، ئوسمانلى ۋە چىڭ ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت تۆت ئىمپېرىيىنىڭ مەنپەئەت نۇقتىسىغا جايلاشقان مەزكۇر رايون بۇ ئىمپېرىيىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاجىز ۋە ئەڭ قالاق ھېسابلانغان چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسى ئىچىدە قالدۇرۇلسىمۇ، ئەمما رۇسىيە ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي-سىياسىي تەسىر جەھەتتىن ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىدى. رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئىزچىل تۈردە شەرقىي تۈركىستاندا بىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى قوللىماسلىق ۋە ياكى ئۆزى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇنى بېسىۋېلىپ، رۇسىيە ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋالماسلىق، ئەمما نامدا بۇ جاينى ئاجىز چىڭ ئىمپېرىيىسى ۋە كېيىنكى مىلىتارىستلارنىڭ قولىدا قالدۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەربىي-سىياسىي، سودا-ئىقتىسادىي چەمبىرىكى ئىچىدە تۇتۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلگەن ئىدى. «چوڭ ئويۇن» دىكى شەرقىي تۈركىستاننى ئىگىلەش رىقابىتىدە تامامەن ئاجىز چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بولۇپ، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىلەرنىڭ بىر-بىرىگە يول قويماسلىقى ۋە ياكى بۇ مەسىلىدە ھەمكارلىق ئورناتماسلىقى مانجۇرلارغا بەخت ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ئاخىرقى قېتىم قەشقەرىيىدە مەخپىي تەكشۈرۈشتە بولغان چار رۇسىيە تۈركىستان ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك ئوفىتسېرى كورنىلوۋ 1898 - يىلى، تۈركىستان ھەربىي رايونىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قەشقەرىيىنى رازۋېتكا قىلىپ، تۈركىستان گېنېرال گۇبېرناتورلۇقى ھەم سانكتپېتېربۇرگنى بۇ جايدىكى مەنچىڭ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلىقى، ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي تەلىم ئالمىغانلىقى،قورال-ياراقلىرىنىڭمۇ ناچارلىقى،[6] ئەگەردە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلسا، ئاسانلا

(6) Kornilov. Kashgaria ili Vostochnyj Turkestan . Opeyty Voenno- Staticheskogo Opisania ( Qeshqeriye yaki Sherqiy türkistan. herbiy –istatéstikiliq xatiriler ülgisi). Tashkent. Poligrafia Turkestanskovo Voennogogo Okruga. 1903. S.424.
تۈركىستان ھەربىي رايونىنى باسمىسى، 1903 - يىلى . 424 - بەت (رۇسچە).

يوقىتىش مۇمكىنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك خەلقلەرنىڭ خىتايغا نىسبەتەن ئىنتايىن نارازىلىق كۆزى بىلەن قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، بۇ زېمىنغا نىسبەتەن ھەربىي ھۇجۇم قىلماسلىق ۋە ياكى يەرلىك مۇسۇلمان خەلقىنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇشىنى قوللىماسلىق لازىملىقى ھەققىدىكى ئۇچۇر ھەم تەكلىپلەر بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. كورنىلوۋ بۇ ھەقتە خۇلاسە چىقىرىپ، «قەشقەرىيىنى خىتايلاردەك ھەممە شارائىتلارغا كۆنەلەيدىغان ۋە تىنچلىقپەرۋەر قوشنىمىزنىڭ قولىغا قالدۇرۇش، ئەمما شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان يېقىن قوشنىدارچىلىق ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسى بىلەن رۇس تۈركىستانى ئاھالىسىنىڭ يېقىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىدىن كۈچلۈك پايدىلىنىپ، بۇ مەملىكەتتىكى سودا ۋە سىياسىي تەسىرىمىزنى شەرتسىز تۈردە كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىز ئۈچۈن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە پايدىلىقتۇر» دەپ تەكلىپ بەرگەن ئىدى.[7]

سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر ئېلى سوۋېتلەرنىڭ تاشقى سىياسىتىدە، بولۇپمۇ شەرق ئىستراتېگىيىسىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلىدى. سوۋېت رۇسىيىسى ئاخىرقى ھېسابتا 1921 - يىلىدىن باشلاپ، چار رۇسىيە دەۋرىدە بېكىتىلگەن ئەشۇ خىل ئىستراتېگىيىنى، يەنى كورنىلوۋنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى. رۇسىيە تارىخشۇناسى ۋ. ف. نېكسىنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭ زېمىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەن «بۇففەر» (بىتەرەپ) دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول قويمىدى ۋە چېگرىلارنى ئاق گۋاردىيىچىلەر ھەم باسمىچىلارنىڭ خەۋپىدىن ساقلىدى شۇنىڭدەك يەنە بۇ ئۆلكىدە ئۆزىنىڭ تولۇق تەسىرىنى تىكلەش سىياسىتى يۈرگۈزدى . ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆز قاراشلار كۈرىشى نەتىجىسىدە ئاساسلىقى يەرلىك مىللەتلەر، يەنى ئۇيغۇرلار، قازاقلار، موڭغۇللار ۋە باشقىلار ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش ئىدىيىلىرىنى، ھەتتا ئۇلار كوممۇنىزمغا مايىل لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ چىقىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى قوللىماسلىق، ئەكسىچە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆلكىدە ساقلىنىپ قېلىنىشىغا ھەتتا قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ بولسىمۇ ياردەم كۆرسىتىش كۆز قارىشى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.[8]

ئەمما، ئېچكى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ جىددىي باسقۇچىغا كىرگەن 1919 - 1920 - يىللىرى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلى ئىستراتېگىيىسىدە بۇ جايىنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا قانداق ھەل قىلىش ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن يەكۈن

(7) Kornilov. شۇ ئەسەر. 1903 - يىلى. 426 - بەت (رۇسچە).

(8) V.F.Nex. Spesialnaya Operatsia N K V D v Sinzyane
(N K VD نىڭ شىنجاڭدىكى ئالاھىدە ھەرىكىتى).

تېخى چىقمىغان بولۇپ، بىراق قەشقەرىيە ئارقىلىق ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا ئۆتۈش ھەمدە ئۇ جايلاردىكى بىرىتانىيە مۇستەملىكىلىرىگە خاتىمە بېرىشكە قولايلىق بولۇشتەك مەزكۇر رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى تروتسكىي باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم سوۋېت رەھبەرلىرىنى قىزىقتۇرغان ئىدى. ل. تروتسكىي سوۋېت رۇسىيىسى ئۈچۈن غەربكە قارىغاندا شەرق، بولۇپمۇ ئاسىيا رايونىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ، ئىنقىلابنى ئاسىياغا كېڭەيتىش، جۈملىدىن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئافغانىستان، قەشقەرىيە ئارقىلىق پەنجاب، بېنگالغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «ھىندى ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىش» مۇمكىن. ئۇ بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈركىستان فرونتىنىڭ قوماندانى مىخايىل فرۇنزېنى ئەڭ ئىشەنچلىك كاندىدات دەپ تاللىغان ئىدى. لېۋ تروتسكىي 1919 - يىلى، ئاۋغۇست ئېيىدا شىنجاڭ ئارقىلىق ئافغانىستان ۋە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[9]

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ھىندىستان پىلانىنى تۈزۈشكە سابىق چار رۇسىيىنىڭ 10 يىل ۋاقىت پامىر رايونىدا خىزمەت قىلغان ھەربىي مۇتەخەسسىسى گېنېرال ئا. سنېسارېۋمۇ قاتناشقان بولۇپ، 1919 - يىلى كۈزدە موسكۋادىكى قىزىل ئارمىيە ئاكادېمىيىسىدە مەخسۇس شەرق بۆلۈمى ئېچىلدى. مەزكۇر شەرقتىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىدىغان ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمىدە گېنېرال سنېسارېۋ ھىندىستان پىلانىغا قاتنىشىدىغان ئوفىتسېرلارغا پامىر، كەشمىر رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋە باشقا تۈرلۈك ھەربىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە دەرس سۆزلىدى. ئۇ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ئىككى باسقۇچلۇق لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ لايىھىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بويىچە سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇقىملىشىپ، بۇ جاينى داۋاملىق جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش بازىسى قىلىش كېرەك. ئىككىنچى باسقۇچى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان ۋە ھىندىستانغا بىۋاسىتە ئۆتكىلى بولىدىغان ئافغانىستان، قەشقەر، تىبەت ۋە بېلۇجىستان قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەش لازىم.[10] گېنېرال سنېسارېۋنىڭ تەشەببۇسى ھىندىستانغا قەشقەر ئارقىلىق يۈرۈش قىلىش بولۇپ، گەرچە بۇ ئېگىز تاغلار ۋە قولايسىز جۇغراپىيىلىك ئۆتكەللەر بىلەن قورشالغان بولسىمۇ، ئەمما ھىندىستانغا كىرىشنىڭ ئەڭ قىسقا يولى ئىدى.

---

(9) Barmin B.A. Sowétskiy soyuz I islamiskij Terrorizm v Sinzyane. K istorii Voprosa. (سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلام تېررورىزمى). http://www.centrasia.ru

(10) G.A. Xidayetov. Diplomatia 20 veka (يىگىرمىنچى ئەسىر دىپلوماتىيىسى). http://goga-hidoyatov.narod.ru/part3.html.

لېنىن رۇسىيىسى كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى كېڭەيتىش، «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرىنى بىرلەشتۈرۈش» شۇئارى ئاستىدا 1919 - يىلى، 3 - ئايدا خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنى قۇردى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاساسلىق نىشانلىرىدا يەنىلا شەرق پىلانى تۇرغان بولۇپ، لېنىن، تروتسكىي، ستالىن، زىنوۋيېۋ ۋە باشقىلار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى قوزغاش مەقسىتىگە يەتمەكچى ئىدى. لېنىن كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تارمار قىلىنىشىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئىنقىلابىنى قوزغاش ئۈمىدىنى شەرق خەلقلىرىگە باغلىغان ئىدى. ئۇ، 1919 - يىلى، 22 - نويابىر كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن رۇسىيىدىكى شەرق خەلقلىرىنىڭ كوممۇنىستىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئۆزىنىڭ شەرق پىلانىنى چۈشەندۈرۈپ «ھازىر بىزنىڭ سوۋېت جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان شەرق خەلقلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى خەلقئارا ئىمپېرىئالىزمغا قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلىشقا تەشكىللەش ۋەزىپىسى تۇرماقتا» دەپ شەرھىلىگەن.[11]

سوۋېت رۇسىيىسى بىر تەرەپتىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئارقىلىق شەرق پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مەزكۇر ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا كىرىشتى.

1919 - يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا سوۋېت رۇسىيىسى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سوۋېت خەلق كومىسسارلار كېڭىشى بىرلىكتە «تۈركىستان كومىسسىيىسى» نامىدا تولۇق ھوقۇقلۇق كومىسسىيە قۇرۇپ، ئالتە كىشىلىك مەزكۇر كومىسسىيىنى تۈركىستانغا ئەۋەتتى. تۈركىستان كومىسسىيىسىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسى شەرق ئىستراتېگىيىسى بويىچە تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى، بۇخارا، خارەزم ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش بولۇپ، كومىسسىيىنىڭ خىزمەت پىلانى ئىچىگە قەشقەرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر ئېلىمۇ كىرگەن ئىدى.

تۈركىستان كومىسسىيىسىنىڭ رەئىسلىكىگە يا. ز. ئەلىئاۋا تەيىنلەنگەن بولۇپ،

(11) Loginov V.T. Vladimir Lenin. Vybor Puti: Biografia, (ۋلادېمىر لېنىن - يول تاللاش - بىئوگرافىيە) Moskwa, Respublika, 2005. s.447 .

ئۇنىڭ تەركىبىگە مىخايىل فرۇنزې، ۋ. كۇيبىشېۋ، گ. بوكىي، ف. گولوشېكىن، يا. رۇدزۇتاك كىردى. كېيىنچە يا. رۇدزۇتاك مەزكۇر كومىسسىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەيىنلەندى.

تۈركىستان كومىسسىيىسى 1919 - يىلى، نويابىردا تاشكەنتكە يېتىپ كېلىپ جىددىي ئىشقا كىرىشىپ، سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتى ۋە كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈركىستانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى.

لېنىن ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئۇلۇق بېرىتانىيە بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىگە ئىلھام بېرىپ، ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بىلەن برىتانىيىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن 1919 - يىلى، 27 - نويابىردا ئامانۇللا خانغا خەت ئەۋەتىپ، سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن ئافغانىستان ئارىسىدا دوستلۇق ۋە سودا شەرتنامىسى تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ، خېتىدە ئاشكارا قىلىپ، ئافغانىستان بىلەن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ بىرلىكتە ئەنگلىيىگە قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

1920 - يىلى، 8 - ئايدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونالنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيى موسكۋادا ئېچىلىپ، مەزكۇر قۇرۇلتايدا مىللىي ۋە مۇستەملىكە مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونالنىڭ شەرقتىكى ھەركەت پىلانلىرى قوبۇل قىلىندى ھەمدە قۇرۇلتايدىن كېيىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونالنىڭ باكۇ، تاشكەنت ۋە شاڭخەيدە ئۈچ رايون خاراكتېرلىق مەركىزى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى «شەرقتىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قوماندانلىق قىلىش» ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونالنىڭ تاشكەنتتىكى مەركىزى «تۈركىستان بىيوروسى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەزكۇر بىيورو 1920 - 1921 - يىللىرى ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونالنىڭ تۈركىستان بىيوروسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ئاساسلىقى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيىدە ئىنقىلاب قوزغاشتىن ئىبارەت بولۇپ، قەشقەرىيىدىكى ئىنقىلابلارغا يېتەكچىلىك ۋە تەشۋىقاتچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەنجاندا شۆبە مەركەز، ئىلى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭغارىيىدە ئىنقىلاب قوزغاش ئۈچۈن ئالماتادا شۆبە مەركەز قۇردى.[12]

تۈركىستان بىيوروسى قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيىدە ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ

(12) V.M. Gilensen. Turkestanskoe Biyuro Kominterna ( Osen1920-osen1921g)- Vostok. 1990. No1. S.60 (كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونالنىڭ تۈركىستان بىيوروسى) (1920 - يىلى كۈزدىن 1921 - يىلى كۈزگىچە) Vostok jurnili . 1990. 1-san. 60-bet.Moskwa ( rusche).

بېرىش ئۈچۈن ئۇ جايغا ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەردىن مەخسۇس ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبى ھەققىدە تولۇق ئۇچۇرلارنى ئىگىلىگەن ھەم تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تۈركىستان بيۇروسى يەنە بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىمۇ شەرقتىكى ھەرىكەتلەرنىڭ بازىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، تۈركىستان بيۇروسىنىڭ ھۆججەتلىرىدە بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ ئۆيى بويىچە شەرقتىكى قوشنا دۆلەتلەر ئىران، ئافغانىستان، ھىندىستان، قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە رايونلىرىغا سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى تارقىتىدىغان «تەجرىبە بېكىتى» ۋە «بازا» بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى بۇخارا بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى قولايلىق بولۇپ، بۇخارا تەۋەسىدە ئافغانىستان، ئىران، ھىندىستان ۋە قەشقەرىيە-جۇڭغارىيىدىن كەلگەن كۆپ ساندا مەدىكارلار بار ئىدى.(13) سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدە بۇخارانىڭ مۇستەقىل خەلق جۇمھۇرىيىتى سىياسەت مەيدانىغا چىقىشى ئۇنىڭ شەرقتىكى مۇستەملىكىچىلەرگە زەربە بېرىش ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ تەسىرى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدىكى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەرنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا مەيلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە ياكى موسكۋانىڭ تۈركىستان كومىسسىيىسى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئېلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

1919 -يىلى، لېنىن ئۆزىنىڭ شەرق ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يەنە بىر كۈچلۈك تايانچ شەخس ھىندىستانلىق مانابېندرا روينى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن موسكۋاغا ئېلىپ كېلىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. روي لېنىن ۋە تروتسكىينىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش پىلانىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى ۋە تەشەببۇسكارى بولۇپ، ئۇ سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ھىندىستاندىكى ئۇلۇغ برىتانىيە مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ھەمدە بۇ يەردە كوممۇنىستىك تۈزۈم ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. روي بۇ ھەقتە ئۆز ئالدىغا لايىھە تۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پىلانى لېنىننىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، روي تاشكەنتكە ئەۋەتىلدى ھەمدە ئۇ 1920 - يىلى،

(13) K.S.Kudukhov. Dokumenty o deyatelnosi Turkestanskogo Biyuro Kominterna v Bukhare . 1920-1921gg. www.nauchen.ru.

(كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تۈركىستان بيۇروسىنىڭ 1920 - 1921 - يىللىرى بۇخارادىكى پائالىيەتلىرىگە ئائىت ھۆججەتلەر)

تاشكەنتتە ھىندىستان كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى قۇردى. كرىمىل روينىڭ ھىندىستان ئوپېراتسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تاشكەنتنى ئارقا سەپ بازىسى قىلغان بولۇپ، 1920 - يىلى قىشتا موسكۋادىن ئىككى پويىز قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە ئون ئايروپىلان ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر تەربىيىچى خادىملىرى تاشكەنتكە ئەۋەتىلدى ھەمدە قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تاشكەنتتە مەخسۇس ھىندىستاندىكى ھەربىي ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەيدىغان مەخپىي ھەربىي مەكتەپ قۇرۇلدى.

روي تاشكەنتتە ھىندىستانلىقلارنى ئاساس قىلىپ، مەخپىي قوراللىق ئەترەت قۇرۇپ، جىددىي تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشتى.

ئەلۋەتتە، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستاندىكى برىتانىيىگە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە ئاستىرتتىن ياردەم بېرىش ۋە بىۋاستە ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش پىلانلىرى برىتانىيە بىخەتەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئالدىنقاچان سېزىلىۋېلىنىپ، لوندون موسكۋاغا رەسمىي نارازىلىق بىلدۈردى شۇنىڭدەك ئاساسلىقى قەشقەرىيە بىلەن ھىندىستان چېگرالىرىغا قارىتىلغان كونتروللۇق، تەكشۈرۈشلەرنى كۈچەيتىپ، قەشقەرىيە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن بولغان قوراللىق ھەربىي ھەرىكەتتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. مانا شۇ ۋاقىتتا لوندونمۇ قەشقەرىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ جايلاردىكى سوۋېتلەرگە قارشى قوراللىق گۇرۇپپىلار،يەنى ئاتالمىش باسمىچىلارنىڭ قوراللىق قارشىلىقلىرىنى يېقىندىن كۆزەتتى. سوۋېتلەرنىڭ قەشقەرىيە پىلانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە لوندون بېرىتانىيە ھەربىي رازۋېتچىكى ئەسسېرتوننى قەشقەرنىڭ باش كونسۇلىغا تەيىنلىگەن بولۇپ، ئەسسېرتوننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ قەشقەرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۈزلىنىشى كۆزىتىش ھەم ئۇنىڭ قەشقەرىيە ۋە ھىندىستاننى سوۋېتلەشتۈرۈش پىلانىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنىڭ بىرى قەشەرىيىدە سوۋېت كوممۇنىستلىرىغا، كوممۇنىزمغا قارشى پىكىرلەرنى قوللاش ھەم ئۇلغايتىش ئىدى. ئەنگلىيە تارىخشۇناسى ك. مىددلتوننىڭ قارىشىچە، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا ئورنىتىلىشى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن خەتەر پەيدا قىلدى، بۇ خەتەر چار رۇسىيە دەۋرىدىكىدىنمۇ چوڭراق ئىدى. سوۋېتلەرنىڭ يوقىتىش قىيىن بولغان تەشۋىقات قورالى مەلۇم دەرىجىدە قوراللىق بىۋاستە ھۇجۇم قىلىشتىنمۇ

ئۇنۇملۇك رول ئوينىدى.[14]

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ھىندىستاننى سوۋېتلەشتۈرۈش پىلانى تاكى گراژدانلار ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىچە، ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت رۇسىيىسى ئارىسىدا سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلىنغىچە كۈنتەرتىپتىن قالمىدى. ھەتتا لېنىن بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا يەنە ئوسمانلى ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى، تۈركچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئەنۋەر پاشادىنمۇ پايدىلىنىشقا تىرىشىپ، 1921 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا لېنىن ئەنۋەر پاشا بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ، مۇسۇلمان كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يوقاتماقچى بولغان ئىدى.

قىسقىسى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە شەرق خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ھەرىكەتلىرىنى قوزغاش ۋە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ شەرقتىكى ھۆكۈمرانلىقلىرىنى بىتچىت قىلىش ھەم ئۆزىنىڭ پۈتۈن شەرق رايونىدىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش تۇراتتى. ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى موسكۋانىڭ مانا مۇشۇنداق چوڭ پىلانلىرىنى ئارقا كۆرۈنىش قىلغان شەرق ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى.

### پەرغانە ۋە يەتتە سۇ ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بازىسى

ئۆكتەبىر سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدى- كەينىدە پۈتۈن تۈركىستاندا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېنىق سانى مەلۇم ئەمەس. سابىق چار رۇسىيە تۈركىستان گېنېرال گۇبېرناتورلۇقى ۋە كېيىنكى تۈركىستان سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى پەرغانە ۋادىسى بىلەن يەتتەسۇ ۋادىسىدا ياشايدىغان ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار، يەنى پەرغانە ۋە تاشكەنت ئەتراپىدىكى قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلار بىلەن يەتتەسۇدىكى تارانچىلار، يەنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى تىل- شىۋە ھەم تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلەردىكى قىسمەن پەرقلەر سەۋەبىدىن بىر-بىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، ئۇيغۇر مىللىي ئورتاق گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇش ئىدىيىسى تېخى بىر مىللىي ئىدىئولوگىيە تەرىقىسىدە شەكىللەنمىگەن ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئارىسىدىكى پەرق ئېنىك

(14) I. M.Lemin. Vneshnyaya Politika Veliko Britanii ot Versala do Lokarno 1919-1925gg. M., 1946.S.24
(ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ ۋېرسالدىن لوكارنوغىچە بولغان 1919 - 1925 - يىللىرىدىكى تاشقى سىياستى) موسكۋا . 1947. 24 -بەت.

پەرق ئەمەس، بەلكى رايون خاراكتېرلىك پەرق بولۇشىدىن قەتىينەزەر ئۇلار ئارىسىدا قەشقەرلىك ۋە تارانچى ئايرىمچىلىقى خاھىشلىرى مەۋجۇت ئىدى.

ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، مەزكۇر ئىككى گۇرۇپپىدىن يېتىشىپ چىققان زىيالىيلار ئارىسىدا بىر مىللىي ئورتاق گەۋدە-يەنى ئۇيغۇر گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇش خاھىشلىرى ھەم ئىدىيىلىرى پەيدا بولدى ۋە كۈندىن –كۈنگە كۈچەيدى.

تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ مۇھىم بىرى تارانچىلارنىڭ ئالىلقاچان رۇسىيە پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي كىملىكىنى رۇسىيە پۇقرالىقىغا باغلاپ چۈشىنىش بىلە ئىپادىلىنەتتى. ئەمما، قەشقەرلىكلەرنىڭ تەركىبى ئىككى خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئالىلقاچان يەرلىك ئۆزبېكلەرگە سىڭىشىپ كېتىش بىلەن يەرلىك خەلقتىن پەرقلەنمەس ھالەتكە كېلىپ، ئۆز كىملىكىنى ئۇنتۇغان قەشقەرىيىلىكلەر، يەنە بىرى تېخى يېڭىدىن رۇسىيە تەۋەسىگە كېلىپ ۋاقىتلىق ئىشلەش، تىجارەت ۋە كاسىپلىق قىلىش يوللىرى بىلەن رۇسىيىدە تۇرۇپ قالغانلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكىنى قەشقەرىيە بىلەن باغلاپ، رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتمىگەن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئېلىنى خەن مىلىتارىستى ياڭ زېڭشىن ئىدارە قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى جۇڭگو تەۋەلىكىدە دەپ كۆرسەتكەن. زاتەن، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى يىمىرىلىپ، چىڭ ئىمپېرىيىسى قەشقەرىيە ۋە ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، چىڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، بۇ جايلارنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى رايونلار تەرىقىسىدە قاراپ، قەشقەر، غۇلجا، چۆچەك ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە كونسۇلخانە قۇرغان ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلى ئىچىدە ۋە 20 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قەشقەرىيىدىن رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستان ئۆلكىسىگە ئىشلەش، تىجارەت، كاسىپلىق ھەم تۇغقان يوقلاش قاتارلىق سەۋەبلىرىدىن ۋاقىتلىق بارىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى رۇسىيە كونسۇلخانىسىدا رەسمىيەت بېجىرگەن ئىدى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەتكە ئۇيغۇن ھالدا پەرغانە ۋە يەتتەسۇ قاتارلىق جايلارغا بارغان مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خىتاي پۇقرالىرى دەپ ھېسابلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دەسلەپتە، چىڭ ئىمپېرىيىسى، كېيىن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلاردىن مەخسۇس ئاقساقال تەيىنلەپ، ئۇلارنى تۈركىستان تەۋەسىدىكى ۋاقىتلىق تۇرىۋاتقان قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلارنى

باشقۇرۇشقا ئىشلەتتى. رۇسىيە تەرەپمۇ بۇ ئاقساقاللارنى خىتاي تەرەپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلدى. مەزكۇر ئاقساقاللار ئالدى بىلەن خىتاي باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئۈچۈن ئىشەنچلىك شەخسلەر ئىدى. قىسقىسى، ھۆكۈمەتكە سادىق ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنەتتى.

ئەندىجان، ئوش، نامەنگان، مەرغىلان، تاشكەنت، قاراقول، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بىر قانچە خىل دەرىجە سالاھىيىتىدىكى ئاقساقاللار بار ئىدى. مەزكۇر ئاقساقاللار بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئەرزى-شىكايەت ۋە ئۆزارا زىددىيەتلىرىنى ھەل قىلاتتى شۇنىڭدەك يەنە قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىكى دوتەيلەرگە شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋاللىرى، ئۈچرىغان مەسىلىلىرى ھەم باشقا كېرەكلىك ئۇچۇرلارنى يوللاپ تۇراتتى.

ياڭ زېڭشىننىڭ كېيىنكى دەۋرىدە ئەنجان، تاشكەنت، ئالمۇتا، زايسان، شەمەي قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانە قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزى ئاقساقاللار يەنىلا ئۆز ۋەزىپىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە رولى يوقىلىپ، پەقەت خەلق ئىچىدە ئۇلارنىڭ كونا ئاقساقال دېگەن ناملا قالدى خالاس. بۇ ۋاقىتتا ھەممە ئىشلار كونسۇلخانىلار ئارقىلىق ھەل قىلىندى. كونسۇلخانىلار ئاقساقاللارنىڭ ئورنىدا بىر قىسىم مەخپىي جاسۇسلارنى ئىشلىتىپ، بۇ جايدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئىدى. ئاقساقاللارنىڭ رولى 1922 - يىللىرىغىچە ئاكتىپ بولغان بولۇپ، 1920 – 1921 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئاقساقاللارنى زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇلارغا قارشى تەشۋىقاتلارنىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. ئۇيغۇر ھەرىكەتچىلىرىنى ئاقساقاللارنى ساتقۇنلۇق بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇلارغا «خىتاينىڭ بەش تىيىنلىق مەنسىپى ئۈچۈن يۇرتنى، مىللەتنى سېتىپ يۈرگەنلەر»[15] دەپ خاراكتېرىستىكا بەرگەن ئىدى.

ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا قاراقول، ئالمۇتا ۋە باشقا جايلاردا قەشقەرىيىدىن چىققان سودىگەرلەر كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراش ۋەقەسى يۈزبەردى. مەيلى سوۋېت ھاكىمىيىتى بولسۇن ۋە ياكى سوۋېتلەرگە قارشى ھەر خىل كۈچلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىن ۋاقىتلىق كېلىپ

(15) ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۆزىنىڭ "كەمبەغەللەر ئاۋازى" گېزىتىنىڭ 1921 -يىلى، 1 -ئىيۇندىكى تۇنجى سانىدا ئېلان قىلغان باش ماقالىسىدە ئاقساقاللار ۋە بەگلەرنى شۇنداق ئاتايدۇ.

ئولتۇراقلىشىپ قالغان تىجارەتچىلەر، پۇقرالار، كاسىپلار ۋە باشقىلارنى بوزەك قىلىش قىلمىشلىرى كۆرۈلدى. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرى دائىم دەخلى –تەرۇزگە ئۇچرىدى. بۇنداق بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب مەزكۇر قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تېخى رۇسىيە پۇقرالىقى بولماي، ئۇلارنىڭ يەنىلا خىتاي پۇقراسى ھېسابلىنىشى ئىدى.

**ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ دۇنياغا كېلىشى جەريانى**

يەتتە سۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەشكىلاتچىلىق ھەرىكەتلىرىدە مەلۇم مىللىي ئىدېئولوگىيىنى ئۆزىگە مەۋقە قىلغان تەشكىلات رۇسىيە فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، پەرغانە ۋادىسى ۋە بۇخارا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئاساسلىقى بۇ جايلاردا مەۋجۇت بولغان جەدىدچىلىك ۋە مىللىي ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغان «شورائىي ئىسلامىيە» قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ تەركىبىدە بولغانلىقى ئېھتىماللىققا يېقىن. ئەمما يەتتە سۇدا ئالمۇتانى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان، ئۇيغۇر جەدىد ۋە مىللىي روھقا ئىگە بىر قىسىم دىنىي ۋە جەدىدىزم ئېقىمىغا مەنسۇپ زىيالىيلارنىڭ، قول -ھۈنەرۋەن ۋە ئىشچىلارنىڭ «تارانچى تۈڭگان كومىتېتى» ۋەكىل خاراكتېرلىقتۇر. مەزكۇر تەشكىلات باشتا ئاز ساندىكى تۇڭگانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا كېيىن پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي قىلغان ئىدى. ئىلى تارانچى سۇلتانلىقىنىڭ شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەۋقە قىلغان مەزكۇر تەشكىلات سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى تۇرغانلىقى، ھەتتا ئاقلار بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيانلارغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن چەكلەندى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىلىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى يەتتە سۇ ۋە پەرغانىدە ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ۋە گۇرۇپپىلىرى پەيدا بولۇپ، كوممۇنىستىك گۇرۇپپىلارغا ئۇيۇشقاندىن باشقا يەنە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تەشكىلات ۋە گۇرۇپپىلارغىمۇ ئۇيۇشۇشقا كىرىشتى.

1918 - يىلى، ئالمۇتىدا قەشقەرلىك ئۇيغۇر سودىگەرلەر ۋە مېھنەتكەشلەرنى ئاساس قىلغان «خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كەمبەغەللەر كومىتېتى» نامىدا، يەنى رۇسچە «كومىتەت بېدنوتي كىتايىسكو-پوددانىخ» دەپ ئاتالغان تەشكىلات دۇنياغا كەلدى. مەزكۇر تەشكىلاتنى ئالمۇتىدا تۇرىۋاتقان قادىر ھاجى باشقۇردى.

ئەسلى قەشقەرنىڭ قازىئېرىق دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان قادىر ھاجى دادىسى ھاشىم ھاجىنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھەجگە بېرىش يولىدا، 1916 - يىلى ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيادا سودا قىلىش ئۈچۈن قالدۇرغان ئىدى.

ئالمۇتادا تۇرۇپ سودا قىلغان قادىر ھاجىنىڭ بۇ جايدىكى قەشقەرلىك سودىگەرلەرنىڭ ئارىسىدا مەلۇم ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق،

«خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كەمبەغەللەر كومىتېتى» نامىدىكى مەزكۇر تەشكىلات ئاساسلىقى قەشقەرلىك مېھنەتكەشلەرنىڭ ھوقۇقلىرى ۋە بەزى شەرىئەت بويىچە داۋا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ھەمدە 1919 - يىلى تۈركىستان كومپارتىيىسى مۇسۇلمانلار بيوروسى بىلەن ئالاقە ئورناتقان ئىدى.

قادىر ھاجى 1916 - يىلى قىرغىز -قازاقلارنىڭ چار رۇسىيىگە قارشى قوزغىلىڭى جەريانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلانغان قاراقول ۋە باشقا جايلاردىكى خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ بىر بولۇپ، قادىر ھاجى شۇ قېتىملىق بۇلاڭ-تالاڭلاردا زىيان تارتقان. ھاپىز ئىمىن ئىسىملىك سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى 1919 - يىلى زىيان تارتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئىلى دوتىيىگە مەلۇمات يوللىغاندا قادىر ھاجىنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى.

ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ئاقساقاللارغا زەربە بېرىش ھەتتا ئاقساقاللىق ئورنىنى تالىشىش يەتتەسۇ ۋە پەرغانىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈچلۈك بولغان. تارانچىلاردىن كېلىپ چىققان كوممۇنىستلار بولسا ئاقساقاللارنى خىتاينىڭ ۋەكىللىرى، خائىنلار دەپ ھېسابلىغان. چۈنكى، بۇ ئاقساقاللار ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئۆز ۋەزىپىلىرىنى بېجىرگەن ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ مەزكۇر ئاقساقاللارغا زەربە بېرىشنى مۇھىم كۈن تەرتىپكە قويغان بولۇپ، كوممۇنىستلار ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشلىق تارانچىلارنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئاقساقاللارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى قوزغىدى. بۇ ئاقساقاللارغا زەربە بېرىش باي-كۇلاكلارغا زەربە بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى.

1920 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قادىر ھاجى قاتارلىق قەشقەرلىكلەر، يەنى ئۇلارنىڭ قاتنىشىدىكى «خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كەمبەغەللەر كومىتېتى» ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى تارانچى كوممۇنىستلىرى بىلەن يېقىنلاشتى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتلاردا

ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئورنى يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا بولۇپ، ئۇ ئۆلكىلىك مۇسۇلمانلار بىيورىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئابدۇللا روزىباقىيېف باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم يەتتەسۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە كوممۇنىستلىرىمۇ جەمئىيەتلەرگە ئۇيۇشقان بولۇپ، 1919 - يىلى 2 - فېۋرالدا ئالمۇتا شەھرىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر نامى قوللىنىلىپ، «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئىككى ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 9 ئادەمدىن تەركىپ تاپقان بولسا، كېيىن كۆپىيىپ، 17 نەپەرگە يەتكەن ھەمدە 1919 – 1920 - يىللىرى ئارىسىدا مەزكۇر «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ئەزالىرى 200 دىن ئېشىپ، يەتتەسۇدىكى بەزى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا تارماقلىرى قۇرۇلغان ئىدى.(16) مەزكۇر «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تارىخىي ھۆججەتلەر بويىچە 20 - ئەسىردە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر نامى ئاستىدا قۇرۇلغان سىياسىي – ئاممىۋى تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر نامى ئاستىدا بۇنداق تەشكىلات قۇرۇشىدىكى مەقسىتىنىڭ قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان خەلقنى بىر ئۇيغۇر مىللىي نامى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» 1921 - يىلى، 9 - ئىيۇن كۈنى تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا «ئالتەشەھەر-جۇڭغار ئىشچىلىرى تەشكىلاتى» نىڭ رەسمىي ھالدا «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» دېگەن نامنى قوبۇل قىلىشىغا ئاساس بولغان ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېف رەھبەرلىكىدىكى «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» مۇ شۇ قېتىملىق قۇرۇلتايدا «ئالتەشەھەر - جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى.(17)

«ئۇيغۇر جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1920 - يىلى ئاپرېلدا تاشكەنتتە «خىتاي ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى» دەيدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ موسكۋادا قۇرۇلغان «خىتاي ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى» نىڭ تارمىقى ئىدى. ئېنىقكى، مەزكۇر تەشكىلات رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ھەم كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونالنىڭ بىۋاسىتە

(16) ساۋۇت موللاۋۇتوپ. 70 يىل مۇقەددەم. ئۇيغۇر ئەدەبىيات داۋانلىرى. 187 - 188 -بەتلەر.
(17) ئابددۇللا روزىباقىيېف. بەش يىللىق ھېساب. “بىرىنچى چامدام” مەجمۇئەسى، 1924 -يىلى، 120 - 128 - بەتلەر.موسكۋا.

ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە زور ساندا تېخى سوۋېت پۇقرالىقىغا ئۆتمىگەن ئۇيغۇرلار، تۇڭگانلار ۋە ئاز ساندا خىتايلارمۇ بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت چۈشەنچىسى بويىچە ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبى قىسمى دەپ قارالغاچقا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىيدىن ئىش ئىزلەپ، مەدىكارچىلىق، تىجارەت، كاسىپلىق قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار يەنىلا «خىتاي پۇقرالىرى» دەپ ئاتىلاتتى. موسكۋانىڭ تاشكەنتتە مەخسۇس «خىتاي ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى» نى قۇرۇشى مانا شۇ ئۇيغۇرلار، تۇڭگانلار ۋە باشقىلارنى ئۆز سېپىگە قوشۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. بۇ تەشكىلات قەشقەرلىك ۋە تارانچى ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ ئەمما نەتىجە بولمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەشكىلاتقا قاتناشمىدى. بۇنىڭدىن قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت پارتىيە-دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى يەرلىك ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا تايانغان ھالدا ئۇيغۇر مەدىكارلار بىلەن ئالاقە ئورناتتى.[18]

1920 - يىلىنىڭ باشلىرىدا يەنە 200 دىن ئارتۇق خىتاي ئىشچى جۇڭگوغا قايتىش ئۈچۈن موسكۋادىن ئەنجان ۋە ئوش قاتارلىق جايلارغا كەلدى. بۇلار ئەركەشتام ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېلىغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن ئىچكىرى جۇڭگوغا كەتمەكچى ئىدى.

مەزكۇر كىشىلەر ئەنجان ۋە ئوش قاتارلىق جايلاردا تۇرۇش جەريانىدا تەشكىلاتچىلىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ئىدى.[19]

مەزكۇر ۋەتىنىگە قايتقان خىتاي ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرىۋالغانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. بۇ كىشىلەر ئەنجان ۋە ئوش قاتارلىق جايلاردىكى مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەلۇم پائالىيەتلەرنى قىلغان بولۇپ، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا مەزكۇر جايلاردىكى يەرلىك كوممۇنىستلار ۋە سوۋېت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋاسىتىچىلىك قىلغان بولۇشى مۇمكىن. 1920 - يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا

(18) كوممۇنار تالىپوف. تارىخ ساۋاقلىرى ياكى ئۆتمىشسىز كېلەچەك يوق. مىر نەشرىياتى، 2010 -يىلى، 154 -بەت.
(19) Yang Zéngshin. Buguzhai wendu. Zhuan 32. 44b-45a.

ئەنجاندىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىمۇ تەشكىلات قۇرۇشقا كىرىشتى،

ئۇيغۇر ئاكتىپلىرى يەرلىك سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا جۇڭگو مۇستەبىت سىياسەتلىرىنى ئەيىبلەيدىغان باياناتلارنى بېرىپ تۇردى. بۇ ئەھۋاللار ئەنجان ۋە ئوش قاتارلىق جايلاردىكى ئاقساقاللار ئارقىلىق قەشقەردىكى خىتاي دائىرىلىرىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرۇلغان. بۇ ئەھۋاللاردىن ئۈرۈمچىدىكى ياڭ زېڭشىنمۇ خەۋەر تاپقان بولۇپ، ئۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرەپكە مەزكۇر جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ سۆز – ھەرىكەتلىرىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانى ئەمەسلىكى ۋە جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن.

تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى خىتاي ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكەتلىرى بەربىر ئالدى بىلەن بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى پەقەت بۇ جايلاردىكى ئاز ساندىكى خەن مىللىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەنلا چەكلەنگەن. ئۇلار مۇمكىن قەدەر قەشقەرىيىلىك مەدىكارلار، كاسىپلار ۋە تىجارەتچىلەرنى ئۆز سېپىگە قوشۇشقا تىرىشقان ئىدى. ئەمما، قەشقەرىيىلىكلەر بولسا ئۆزلىرى ئايرىم ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ خىتاي مىللىتىدىن بولغان كىشىلەر قۇرغان ھەر قانداق بىر تەشكىلاتقا قاتنىشىشى، بولۇپمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەردە بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال قەشقەرىيىلىكلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ تەشكىللەش ئۈچۈن مەزكۇر تەشكىلاتنى «قەشقەر - خىتاي ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىنمۇ تەشكىلات ئەزالىرى كېڭەيمىدى.

1921 - يىلى، مارت ئېيىدا بۇ تەشكىلات تاشكەنتتە قۇرۇلتاي چاقىردى، ئەمما ئۇلارنىڭ قۇرۇلتىيىغا مەيلى ئەسلى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار بولسۇن ۋە ياكى ئىلىلىق تارانچى ئۇيغۇرلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ۋەكىل قاتناشمىدى. شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ‹قەشقەرلىك› ۋە ‹تارانچىلار› نى كۆپلەپ تەشكىلات قوينىغا ئېلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئايرىم بىرلىككە كەلگەن تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئۈچۈن 3 - قېتىملىق يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ، تەشكىلات نامىنى «قەشقەر ۋە جۇڭغارىيىلىك ئىشچىلار ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. تەشكىلاتنىڭ تەشكىلىي كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي تەركىبىنى قەشقەرىيىلىكلەر ۋە تارانچىلار ئىگىلىدى. تەشكىلاتنىڭ تەشكىلىي كومىتېتىدىكى بىر نەپەر خىتاي ۋەكىل -4قېتىملىق يىغىندىن

كېيىن چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەزاسى، 1920 - يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ باكۇدا ئۆتكۈزۈلگەن شەرق خەلقلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان تېگى قەشقەرلىك كوممۇنىست ئۇيغۇر ئىگىللىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر – جۇڭغارىيىلىك ئىشچىلار تەشكىلاتى تېز سۈرەتتە تەرەققى قىلىپ، تاشكەنت، ئەنجان، ئوش، قوقەنت ۋە يەتتەسۇ قاتارلىق جايلاردا تارماق شەكىلدىكى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى.

1921 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئالمۇتىدا قەشقەر - جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ يەتتەسۇ ۋىلايەتلىك قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، مەزكۇر قۇرۇلتايدا رەسمىي ھالدا «ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق» قۇرۇلدۇ ھەمدە رەھبەرلىك ئورگىنى سايلىنىپ، تاشكەنتتىكى قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى ھەمدە تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۆز ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىدۇ ھەمدە قەشقەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى ئىتتىپاقىنى تەبرىكلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەشقەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ئىتتىپاقلىرى ئايرىم - ئايرىم جايلاردا ئۆز ئالدىغا تارقاق ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇپ، تېخى بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك مەركىزى قۇرۇلمىغان ئىدى. بۇ ئىتتىپاقلارنى بىر مەركەزگە توپلاش ۋە بېقىندۇرۇش، ئۇلارنى ئىدىيىۋى جەھەتتىن بىر يولغا سېلىش ھەمدە كەلگۈسى ئىنقىلابىي ھاياتنى ھېسابقا ئالغان ھالدا ئۇلارنى تەشكىلىي تەرەپتىن تېخىمۇ مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تۈرك بيۇروسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈن تۈركىستان ئالتىشەھەر - جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى.[20]

دېمەك، مەزكۇر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن قارىتىپ، ئۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك بىر تەشكىلاتقا ئايلىنىشى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شەرق سىياسىي ئىستراتېگىيىسى بىلەن بىۋاسىتە باغلىق بولۇپ، مەزكۇر تەشكىلات رەھبەرلىك جەھەتتىن ئالدى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا ۋە تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا بويسۇناتتى. ئومۇمىي قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن ئىلگىرى تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئالتىشەھەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مەركىزىي تەشكىلىي بيۇروسىنى قۇرۇپ چىقىپ، مەزكۇر تەشكىلىي بيۇرونى مەركىزىي

(20) م. روزىباقىيېۋ . ن. روزىباقىيېۋا . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى. ئالمۇتا. 1987 -يىلى، 30 -بەت.

كومىتېت قارىمىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ تەركىبىگە ئورۇنلاشتۇردى. مەركىزىي تەشكىلىي بىيورونىڭ تەركىبىگە ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، دۆلەت كەلدىيېۋ ۋە ئالىمبايېۋ، تاتارلاردىن غالىيېۋ، رۇسلاردىن ماتۇيېۋ ۋە باشقىلار كىردى. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پۈتۈن تۈركىستان بويىچە قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە ئىشچى ۋە كەمبەغەللىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىرىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش، قۇرۇلتاي نەتىجىسىدە بىرلىككە كەلگەن تەشكىلاتنىڭ كۆرەش نىشانى، نىزامنامىلىرى ۋە باشقىلارنى تەييارلاپ چىقىش بولغانلىقى روشەن. مەزكۇر تەشكىلىي بىيورو يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا گېزىت چىقىرىش ۋە ئىچكى –تاشقى تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى گېزىت چىقىرىش مەسىلىسى بىۋاسىتە يەتتەسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىغا تاپشۇرۇلدۇ. 1921 - يىلى، 13 - ئاپرېل كۈنى يەتتەسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى يىغىن چاقىرىپ، قارار ماقۇللاپ، «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نامىدا قەشقەر-تارانچى تىلىدا (ئۇيغۇر تىلىدا) گېزىت چىقىرىشنى بېكىتىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋنى باش تەھرىرلىككە بەلگىلەيدۇ.[21]

ئالتەشەھەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان كومپار - تىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قارىمىقىدىكى مەركىزىي تەشكىلىي بىيوروسى 1921 - يىلى، 2 - ماي كۈنى قۇرۇلتاي پىلانلىرى ھەققىدە يىغىن چاقىرىپ، قۇرۇلتاينىڭ ۋاقتى ھەم كۈنتەرتىپىنى رەسمىي بېكىتتى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئېچىلغۇسى قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى، ئالىمبايېۋ بىلەن غالىيېۋ مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى. قارار بويىچە قۇرۇلتاي 1 - ئىيۇن كۈنى ئېچىلىدىغان بولدى. قۇرۇلتاينىڭ 1 - ئىيۇن كۈنى ئېچىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ تۇنجى سانىنى 1 - ئىيۇن كۈنىگە ئۆلگۈرتۈپ نەشر قىلىنىش قارار قىلىندى. ئەمما، كېيىن تەييارلىقلارنىڭ پۈتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن قۇرۇلتاي ۋاقتى ئىككى كۈن ئارقىغا سۈرۈلۈپ، ئاخىرى 1921 - يىلى، 3 - ئىيۇن كۈنى رەسمىي ئېچىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە قەشقەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ 1500 گە يەتكەن بولۇپ، ئۇلار يەتتەسۇ ۋىلايىتى، پەرغانە ۋىلايىتى، سەمەرقەند، بايرام-ئالى، مېرۋ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان ئىدى. مىللەت تەركىبىدىن ئېيتقاندا قەشقەرىيىلىك ۋە يەتتەسۇلۇق ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە مەلۇم ساندا تۇڭگانلار ۋە باشقا

(21) ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قارىمىقىدىكى پارتىيە تارىخى ئىنستىتۇتىنىڭ ئارخىپى. فوند 60. 1 - خاتىرە، 1519 - جىلت. بۇ نەقىل م.روزىباقىيېفنىڭ كىتابىدىن ئېلىندى. 31 -بەت.

مىللەت ۋەكىللىرىمۇ بار ئىدى.

تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، رۇسىيە كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال قاتارلىق ئالىي رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ بىۋاستە قوللىشى ۋە مەبلەغ سېلىشى بىلەن چاقىرىلغان مەزكۇر قۇرۇلتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى بەلگىلەشنى نىشان قىلغان چوڭ كۆلەملىك قۇرۇلتاي ئىدى.

قۇرۇلتاي تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنت شەھىرىدە 3 - ئىيۇندىن -9ئىيۇنغىچە 6 كۈن ئېچىلدى. تەخمىنەن 1500 ئەزاغا ۋاكالەتەن جەمئىي 117 ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئايال بولدى.

تاشكەنت قۇرۇلتىيىغا قاتناشقانلارنىڭ تەركىبىدىكى 115 ئەر ۋەكىلنىڭ ئىچىدە 50 نەپەر كوممۇنىست، 65 نەپەر پارتىيىسىز شەخس بولغان بولۇپ، ئەزالار ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلىپ، ھەر خىل مىللەتتىن تەركىپ تاپقان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا 99 نەپەر ئۇيغۇر، 10 نەپەر تۇڭگان، 2 نەپەر قىرغىز، 1 نەپەر تۈرك، 3 نەپەر خىتاي ۋە 2 نەپەر تاتار بولغان. ئۇيغۇر ئەزالارنىڭ كېلىپ چىقىش تەركىبى داۋاملىق ئايرىلغان بولۇپ، ئەزالارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى قەشقەرىيىدىن كەلگەنلەر ئىگىلىگەنلەر. سوۋېت ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئائىلە ۋە كەسپىي تەركىبىنى ئايرىش بويىچە 117 نەپەر ئەزانىڭ تەركىبى ۋە كەسپىي ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 22 نەپەر دېھقان، 55 نەپەر كاسىپ،18 نەپەر قارا خىزمەتچى، 17 نەپەر ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچى ۋە 10 نەپەر ھەربىي خىزمەتچى بولغان.[22] بىراق، سوۋېت ئارخىپلىرىدا 117 نەپەر ۋەكىلنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 94 نەپەر دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، قۇرۇلتايغا قاتناشقان ئادەم سانىنىڭ 113 ئىكەنلىكىمۇ قەيت قىلىنىدۇ. ئەمما، ئەسلىدە قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئومۇمىي سانى 130 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ پەقەت 117 نەپىرىلا قاتنىشالىغان.

قۇرۇلتايغا قاتناشقان ئۈچ نەپەر خىتاي ۋەكىلنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ موسكۋادىكى خىتاي ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى بىلەن رۇسىيە كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تارمىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرى بۆلۈمىنىڭ

(22) م.روزىباقىيېۋ، ن.روزىئاباقىيەۋا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى. ئالمۇتا، قازاقىستان، 1987 -يىلى، 31 -بەت.

تاشكەنتتىكى ۋەكىللىرى بولۇشى ئېھتىماللىققا يېقىن. ئەمما، ئۇلارنىڭ قۇرۇلتايغا سىرتتىن قاتناشقۇچى ئەمەس، بەلكى رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە قاتناشقانلىقى شۇنىڭدەك قۇرۇلتاينىڭ مەزكۇر تەشكىلاتنى بىردەك ھالدا ئىنقىلابى «ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىشكە قارشى چىقمىغانلىقى ئېنىق.

قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي نامى ئۇيغۇر تىلىدا «قەشقەر-جۇڭغارىيە ئىنقىلابى ئىشچى كەمبەغەللىرى ئىتتىپاقلىرىنىڭ بىرىنچى پۈتۈن تۈركىستان سىيېزدى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1921 - يىلى، 1 - ئىيۇن كۈنى مەخسۇس قۇرۇلتايغا بېغىشلاپ چىقارغان 1 - سانىدا ئېلان قىلغا باش ماقالىسىدە ئابدۇللا ئەنە شۇنداق ئاتالغان ئىدى.[23]

قۇرۇلتاي (سىيېزد ) ھەيئىتىگە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، غالىيېۋ، سادىق توختىيېۋ، سابىر ئەخمەت، ماگازى ماسانچى، ئىسمايىلوۋ، ئابدۇراخمان ماخمۇدوف، دۆلەتكېلدىيېۋ سايلىنىدۇ.

قۇرۇلتايغا تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى ۋە رۇسىيە كوممۇنىستلار پارتىيىسى تۈركىستان بيۇروسىنىڭ ۋەكىلى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، يىغىندا تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ئەكمەل ئىكراموۋ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىقى دوكلاتى خەلقئارا مەسىلىلەر ۋە جۇڭگودىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئېلىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، شەرقتىكى ئېزىلگەن، مېھنەتكەش خەلقلەرنى ئازاد قىلىش ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت لېنىن رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلىرىنى تەكىتلىگەن. ئۆزبېكلەردىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى كوممۇنىستلاردىن بىرى شۇنىڭدەك تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى تۇنجى يەرلىك كوممۇنىست ھەمدە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۇنجى يەرلىك مىللەت سېكرېتارى ھېسابلانغان ئەكمەل ئىكراموۋنىڭ[24] ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق

(23) ئابدۇللا روزىباقىيېۋ. "قەشقەر-جۇڭغارىيە ئىشچى كەمبەغەللىرىنىڭ بىرىنچى سىيېزى. قەشقەر ۋە جۇڭغارىيە ئىنقىلابىي ئىشچى كەمبەغەللىرى ئىتتىپاقلىرىنىڭ بىرىنچى پۈتۈن تۈركىستان سىيېزىغا بېغىشلايمەن". كەمبەغەللەر ئاۋازى. 1921 -يىلى، 1 -ئىيۇن، تاشكەنت.

(24) ئەكمەل ئىكراموۋ ( 1898 - 1938 ). ئۆزبېك. 1918 -يىلى، ئۆزبېكلەردىن تۇنجىلاردىن بولۇپ رۇسىيە كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1921 - 1922 - يىللىرى تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ۋە تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1925 - 1929 -يىللىرى ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

ھەرىكىتىنى يادرولۇق ئىدىيە قىلغان قۇرۇلتايغا ئۆزى بىۋاستە قاتنىشىپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ھەم جۇڭگو ۋەزىيىتىدىن دوكلات بېرىشى قۇرۇلتاي، جۇملىدىن تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابنى شەرق خەلقلىرىگە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت تۈپ پىلاتفورمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

قۇرۇلتايدا يەنە تۈركىستان كومپارتىيىسى ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى سۇلتان خوجايېۋ، رۇسىيە كومپارتىيىسى تۈركىستان بىيوروسىنىڭ ۋەكىلى نېفېدوۋ ھەمدە ئالمۇتىلىق بولشېۋىك، يەنى رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ شەرقتە كۈرەش قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى ۋوروبىيېۋ قاتارلىقلار قاتنىشىپ سۆز قىلدۇ. مەزكۇر ئەربابلارنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن ئورۇن ئېلىشمۇ ئەمەلىيەتتە موسكۋانىڭ تۈپ سىياسىي يۆنىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ نوقۇل ھالدا يەتتە سۇ، پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيىسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىلىرى ۋە تەشكىلاتچىلىقىنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى نىشان قىلمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى نىشانىنىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە رايونىدىن ئىبارەت پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىدىكى بولغۇسى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى نىشان قىلغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

قۇرۇلتايدا قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئاياللىرىغا ۋاكالىتەن ئىسمايىلوۋا ئىسىملىك ئايال ۋەكىل سۆزلەيدۇ.

ئابدۇمېجىت روزىباقىيېفنىڭ ئارخىپلار ئاساسىدا تەكشۈرۈشچە، قۇرۇلتاينىڭ خىزمەت كۈن تەرتىپىدە يەتتە مەسىلە بويىچە مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مەزكۇر يەتتە مەسىلە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 - خەلقئارا مەسىلە ۋە جۇڭگودىكى ۋەزىيەت

2 - مەركىزىي بيۇرونىڭ خىزمەت ھېسابات دوكلاتى

3 - جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ دوكلاتلىرى

---

سېكرېتارى بولغان. موسكۋادىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان. 1929 - 1937 - يىلى يەنە ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان. 1937 -يىلى، ستالىننىڭ تازىلىشىدا قولغا ئېلىنىپ، مىللەتچىلىك، ئۆزبېكىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ياقلايدىغان "مىللىي ئىستىقلال" تەشكىلاتىغا قاتناشقان دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئەكمەل ئىكراموۋ تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ئېلىپ بارىدىغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى دەسلەپتە قوللىغان ئەربابلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، بىر مەزگىل ئۇيغۇرلار كۆپرەك جايلاشقان پەرغانە ۋادىسىدا ئىشلىگەن.

4 - تەشكىلىي مەسىلىلەر
5 - مىللىي مەسىلىلەر
6 - ئىنقىلابىي ئىتتىپاقنىڭ يېقىن ئارىدا ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋەزىپىلىرى
7 - ئىنقىلابىي ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنى سايلاش[25]

قۇرۇلتاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ «قەشقەر-جۇڭغارىيە ئىنقىلابى ئىشچى كەمبەغەللەر ئىتتىپاقى» نىڭ خىزمەت ھېسابات دوكلاتىنى بېرىدۇ. 4 - ئىيۇن كۈنىدىكى يىغىندا تاشكەنتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان يەتتەسۇدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قۇرۇلتايغا ئەۋەتكەن خېتى ئوقۇلۇپ، خەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بىر-بىرىنى تارانچى ۋە قەشقەرلىك دەپ ئايرىماسلىق،ھەممىسىنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى شۇنىڭدەك بىر ئۇيغۇر نامى ئاستىدا بىرلىكتە كۈرەش قىلىشى لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

قۇرۇلتاي 6 كۈنلۈك مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمىلەردىن كېيىن ئۇيغۇر نامىنىڭ بىردەك قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئېتنىك نامى ئىكەنلىكى يەنە تارىخىي مەنبەلەر ئارقىلىقمۇ دەلىللىنىپ ئالدى بىلەن «قەشقەر-جۇڭغارىيە ئىنقىلابى ئىشچى كەمبەغەللىرى ئىتتىپاقى» دېگەن تەشكىلات نامىنى «ئالتىشەھەر- جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىپ رەسمىيلەشتۈرۈش قارار قىلىندى.

قۇرۇلتاي قارارى بويىچە ئۇيغۇر نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۇ نامىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشايدىغان ھەمدە قەشقەرىيە ۋە ئىلى ۋادىسىدىن يەتتەسۇغا ھەم پەرغانە ۋادىسغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلىشىپ، ئۆزلىرىنى قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئاتاۋاتقان خەلقنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە قوللىنىش قارارى قوبۇل قىلىندى.[26]

ئۇيغۇر نامىنىڭ ئورتاق ئېتنىك نام سۈپىتىدە رەسمىي قوبۇل قىلىنىشىنى تارىخىي ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىلىرىدىن دەلىللەشكە رۇس تۈركولوگلىرى، بولۇپمۇ پروفېسسور سېرگېي ئېفىموۋىچ مالوۋنىڭ رولى چوڭ بولدى شۇنىڭدەك ئابدۇللا روزىباقىيېۋ،

(25) م. روزىباقىيېۋ، ن، روزىباقىيېۋا . شۇ ئەسەر. 32 -بەت.
(26) Ildikó Bellér-Hann (2007). Situating the Uyghurs between China and Central Asia. Ashgate Publishing, Ltd. p. 32. James A. Millward (2007). Eurasian crossroads: a history of Xinjiang. Columbia University Press. p. 208.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف، بۇرھان قاسىموف، ئىسمايىل تاھىروف قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر تارىخى ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدە چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار رۇس، تاتار تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇش بولۇپ، بۇ دەۋردە رۇسىيە شەرقشۇناسلىقى بىر قەدەر ياخشى تەرەققى قىلغان بولۇپ، يا. بىچۇرىن، ئا. كازىمبېك، ۋ. گرىگورىيېۋ، د. پوزدنېيېۋ، ۋ. رادلوۋ، ۋ. بارتولد، س. مالوۋ. ئە. گرۇم گرىژىمايلو ۋە باشقا رۇس ھەم تاتار شەرقشۇناسلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تىلى ھەققىدە كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، خېلى كۆپ ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان ئىدى. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرى ئەينى ۋاقىتتا خەلقئارا تۈركولوگىيە ۋە شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە نوپۇزغا ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان بولۇپ، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تارىخىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن ئۇيغۇر تارىخشۇناسى ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىگە 1910 - يىللاردىن باشلاپ، «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى قوللىنىپ، ماقالە ئېلان قىلغان.

ئۇيغۇر نامى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن پەيت دەل سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تۈركىستاندا ئايرىم ئېتنىك كىملىك تىكلەشكە كىرىشكەن مەزگىلى بولۇپ، ئورتاق تۈرك دۆلىتى قۇرۇش چۈشەنچىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن مەركىزىي ئاسىيادا ئايرىم ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، تۈركمەن، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئايرىم تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مىللىي كىملىكىنى تىكلەپ، ئۇلارنى ئايرىم ئېتنىك تەرەققىيات يولىغا باشلاش سىياسىتىنى بەلگىلىگەن ئىدى. تۈركىي خەلقلەرنى ئايرىم مىللەتلەرگە بۆلۈۋېتىش جەريانىدا سۈنئىي ھالدا يېڭى مىللەت ياساش خاھىشى گەرچە بارتولد قاتارلىق بەزى رۇس تۈركشۇناسلىرىنىڭ قارشى پىكىرلىرىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ سىياسەت موسكۋادىن بەكىتىلگەنلىكى ئۈچۈن بەرىبىر كۈچكە ئىگە بولىۋەرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ مەقسىتى موسكۋانىڭ بۇ نىيىتىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى پەقەت تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ھەم يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى بىر سىياسىي ۋە مىللىي كىملىك گەۋدىسى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، لېنىننىڭ شەرقتە مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش نەزەرىيىسى ئاساسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. تەشكىلات نامىنى

«ئالتەشەھەر ـ جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىپ رەسمىيلەشتۈرۈش قارارى ۋە ئۇيغۇر نامىنى ئورتاق ئېتنىك نام سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش پەقەت ئۇيغۇرلار تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت ئەزالىرى تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىندى. 9 ـ ئىيۇن كۈنى «ئالتەشەھەر ـ جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ ھەممە خىزمەتلەرگە شۇنىڭدەك جايلاردىكى «ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى» نىڭ تارماقلىرىغا بىردەك رەھبەرلىك قىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك ئاپپاراتى ھېسابلىنىدىغان مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېت قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى سايلىنىدۇ. رۇسىيە دۆلەت ئارخىپلىرىدىكى مەزكۇر پائالىيەتكە ئائىت قالدۇرۇلغان خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ مەركىزىي كومىتېت رەئىسلىكىگە، رۇسىيە كومپارتىيىسى تۈركىستان بىيورىسىنىڭ ۋەكىلى ئابدۇراخمان ماخمۇدوف مۇئاۋىن رەسلىكىگە سايلىنىدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا تۈركىيە تۈركلىرىدىن سابىر ئەھمەد، تاتارلاردىن غالىيېۋ، ئۇيغۇرلاردىن ئىسمايىل تاھىروف، ئەمىروف، سادىق توختىيېۋ، پولات خوجايېۋ ۋە تۇڭگانلاردىن ماگازى ماسانچى سايلىنىدۇ. ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ نەۋرە ئىنىسى، 1930 – 1940 ـ يىللاردا تاشكەنتتە پائالىيەت قىلغان ھەمدە ئەشۇ قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىلەن دېگۈدەك ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەردە بولغان ئابدۇمېجىت روزىباقىيېفنىڭ[27] قالدۇرغان مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇلاردىن باشقا يەنە ئالىمبايېۋ بىلەن تۇڭگانلاردىن ماتىيەنيۇ مەركىزىي كومىتېتقا كاندىدات ئەزالىققا سايلانغان. بىراق، ئالىمبايېفنىڭ مىللەت تەركىبى ھەققىدە ئۇچۇر يوق.

قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ مۇھىم خۇلاسىلىرىدىن بىرى ئاخىرىدا ئۇچ كىشىنى «ئالتەشەھەر – جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى سۈپىتىدە موسكۋاغا مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئېلىدە قىلىدىغان پىلانلىرى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ھەم كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسئونالنىڭ 3-قېتىملىق

(27) ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋ (1910 ـ 1998). تونجى ئۇيغۇر بىئولوگىيە دوكتورى ۋە ئالىمى. 1930 ـ يىللاردا تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان. 1943 ـ 1950 ـ يىللىرىغىچە تاشكەنتتە چىقىرىلغان "شەرق ھەقىقىتى" ژۇرنىلى ۋە نەشرىياتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1940 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئېلىغا قاراتقان تەشۋىقاتچىلىق پائالىيەتلىرىگە ئارىلاشقان شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئا. روزىباقىيېۋ ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىپ، بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يازدى. مەن 1996 ـ يىلى، ئا.روزىباقىيېۋ بىلەن ئالمۇتىدا ئۆز ئۆيىدە سۆھبەتلەردە بولۇپ، كۆپ ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغان ئىدىم. ئۇ ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى ھەققىدە بىر قىسىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى.

قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىشتۇر.[28]

مەزكۇر ئۈچ كىشىنىڭ ئىككى نەپىرى ئۇيغۇر، بىر نەپىرى تۇڭگان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋەكىللەر ئىسمايىل تاھىروف بىلەن ئابدۇراخمان ماخمۇدوف، تۇڭگان ۋەكىل 57 – ئۇيغۇر - تۇڭگان ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى ماگازى ماسانچى ئىدى.

«ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ مەركىزىي كومىتېتى تاشكەنتتە ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرغاندىن تاشقىرى يەنە ھەر قايسى جايلاردا تارماق شۆبە «ئىتتىپاق» لارنى قۇرۇشقا كىرىشكەن. گەرچە بۇ تەشكىلات ئۆزىنى مۇستەقىل تەشكىلات دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ بىۋاستە قارىمىقىدا ئىدى شۇڭىڭدەك ئۇنىڭ مالىيە چىقىمى تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ تەستىقى بويىچە بېرىلىدىغان بولۇپ، ھەر قايسى تارماق جەمئىيەتلەرنىڭ مالىيىسى جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى تەرىپىدىن بېرىلىش قارار قىلىندى. قۇرۇلتايدىن كېيىن تەشكىلىي ئىشلار رەتكە سېلىنىپ، مەركىزىي كومىتېت قارىمىقىدا ئاياللار، ياشلار، تەشۋىقات-تەرغىبات، مالىيە-ئىستاتىستىكا، تەرجىمانلار ۋە جۇرنالىسلاتلار بۆلۈملىرى قۇرۇلىدۇ. «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتى «ئالتىشەھەر - جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقلابى ئىتتىپاقى» نىڭ ئورگان مەتبۇئاتى قىلىپ بېكىتىلىپ دەسلەپكى سانلىرى تاشكەنتتە چىققاندىن كېيىن ئالمۇتىغا يۆتكىلىپ، ئالمۇتىدا چىقىشقا باشلايدۇ.

مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى 12 نەپەر خىزمەتچى خادىمدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ 5 نەپىرى ئۇيغۇر، 2 نەپىرى تۇڭگان، 3 نەپىرى تاتار، 1 نەپىرى قىرغىز ۋە 1 نەپەر يەھۇدىي ئىدى.

«ئۇيغۇر ئىنقلابى ئىتتىپاقى» نىڭ تارماقلىرىنى قۇرۇش تېزدىن تۇتۇش قىلىنغان، بولۇپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە «ئۇيغۇر ئىنقلابى ئىتتىپاقى» نىڭ تارماقلىرى تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىكى بارلىق دېگۈدەك چوڭ ئاھالىلار رايونلىرىدا،مەسىلەن ياركەنت، ۋېرنېي (ھازىرقى ئالمۇتا)، ئائۇلى-ئاتا، توقماق، پىشپېك (ھازىرقى بىشكەك)، ئوش، قاراقول، قوقەنت، بۇخارا، سەمەرقەند، ئەندىجان، مەرغىلان، تاشكەنت، بايرام-ئالى، مەرۋ قاتارلىق شەھەرلەر ھەمدە ئالمۇتا ۋە ياركەنت قاتارلىق

(28) James A.Millward and Nabijan Tursun. Political history and strategies of control, 1884-1978. Xinjiang China's Muslim Borderland. S. Frederick Starr, Editor. M. E, Sharpe. New York.2004. P.73.

ناھىيىلەرنىڭ كۆپلىگەن يېزا-قىشلاقلىرىدا قۇرۇلغان.[29]

بەلكى، مەزكۇر «ئۇيغۇر ئىتتىپاقلىرى» نىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇلتايدىن ئىلگىرى «قەشقەرىيە –جۇڭغارىيە ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى» نامى ئاستىدا قۇرۇلۇپ بولغان بولۇپ، بۇ تارماق تەشكىلاتلار تاشكەنت قۇرۇلتىيىدىن كېيىن نامىنى ئۆزگەرتىپ، «ئالتىشەھەر جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نامىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۆز ئەزالىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتكەن ئىدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق تارمىقىنىڭ ئەزالىرى ئەڭ كۆپ ۋە پائالىيەتلىرى ئەڭ ئاكتىپ بولۇپ، ئەزا سانى 2500 - 3000 ئەتراپىدا بولغان.

تاشكەنتتىكى «ئىنقىلابىي ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» نىڭ تاشكەنت شۆبىسىنىڭ رەھبىرى تالىپ پازىلوف بولۇپ، تاشكەنت شۆبىسىنىڭ 265 نەپەر ئەزاسى بولغان. پەرغانە ئوبلاستىنىڭ ئەنجان، مەرغىلان، ئوش قاتارلىق شەھەرلىرىدىمۇ تارماقلار قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كوپ جايلاشقان ئەنجاندا 220 ئەزا، ئوش سۆھبىسىدە 30 ئەزا، قوقەنت شەھىرىدە 30 ئەزا، بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە 40 ئەزا بولغان. ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە شۆبىسىنى ئەمىروف باشقۇرغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ئامۇ دەريا ئوبلاستى، يەنى ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ ئۇيغۇرلار تارقالغان مەرۋ، بايرام ئالى قاتارلىق جايلىرىدىمۇ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ تارمىقى قۇرۇلۇپ، 200 ئەتراپىدا ئەزاغا ئىگە بولغان. ئابدۇغوپۇر قۇربانوف، كېۋىر مەمەدوف قاتارلىقلار ئاكتىپ تەشكىلاتچىلار ئىدى.

ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى، بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە خارەزم سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە تارماق شۆبىلىرى ھەم ئەزالىرى بولغاندىن سىرت يەنە مەخسۇس «خىتاي بۆلۈمى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئېلىدىن تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىگە كېلىپ مەدىكارچىلىق، سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان ۋە باشقا ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، گرازھدانلىق تەۋەلىكى تېخى جۇڭگوغا مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. بۇنىڭ 107 نەپەر ئەزاسى بولغان. «خىتاي بۆلۈمى» ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئېلىدىن كېلىپ ۋاقىتلىق تۇرۇپ، تېخى رۇسىيە پۇقرالىقىنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە توپلاشنى مەقسەت

(29) Talipov K, Rabota Bolshévikov s Otkhodnikami iz Sinzyana. c, 48-49.

قىلىپ قۇرۇلغان ئىدى. سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتمىگەن قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتۈشىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇش-ئىشلەش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشنىمۇ مۇھىم كۆنتەرتىپكە قويغان ئىدى.

«ئالتىشەھەر - جۇڭغارىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسلىق قاتنىشىش نىشانى قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيىدىن رۇسىيە تەۋەسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغانلىقى قۇرۇلتاينىڭ نامىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ قۇرۇلتايغا ئاتاپ يېزىپ، «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1 - سانىدا ئېلان قىلغان باش ماقالىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قۇرۇلتاينىڭ تۈپ نىشانى ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئۇيغۇر ئېلىدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارغا قارىتىلغان. بەلكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى رۇسىيە تەۋەسىدە تۇغۇلغان ۋە ياكى رۇسىيە پۇقرالىقىغا ئۆتكەنلەرنى ئاساس قىلمىغان. بۇ بەلكى، تۈركىستان كومپارتىيىسى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى شەرققە يېيىش، شەرقتىكى مۇستەملىكىچىلىككە زەربە بېرىپ، ئۇ رايونلاردا سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش ئىستراتېگىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ باش ماقالىسىدا مەزكۇر نۇقتا ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىلىپ مۇنداق باشلانغان:

«بۇ يىل بىرىنچى ئىيۇندا تاشكەنت شەھىرىدە تۈركىستاندا ئولتۇرۇشلۇق قەشقەرىيە (ئالتىشەھەر) ھەم جۇڭغارىيە (ئىلى ئەتراپى) ئىشچى كەمبەغەللىرىنىڭ بىرىنچى سىيېزى چاقىرىلىدى. بۇ سىيېزدقا پۈتۈن تۈركىستاندىكى خىتايغا تەۋە ئىشچى ھەم كەمبەغەللەر ئىتتىپاقلىرىدىن ۋەكىللەر بارغانغا ئوخشاش، يەتتەسۇ ۋىلايىتىنىڭ تارانچى ئىجتىمائىي ياشلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت -مائارىپ جەمئىيەتلىرىدىن ۋەكىللەر تەكلىپ قىلىندى. بۇ سىيېزدنىڭ زامانىسىغا توغرا كەلگەنلىكىگە ھەم قارىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ئەھمىيەتلىكىگە كۆز سالساق، بىزنىڭ قەشقەر ھەم ئىلى ئەتراپىدىكى خەلق ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۇلۇغ بىر سىيېزدۇر. ئەگەر بىز ئالتىشەھەر ھەم ئىلى ئەتراپىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىپ ياتقان مىليونلىغان يوقسۇل كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمىزدىن كەچۈرسەك، ئەگەر بىز قەشقەر-جۇڭغارىيىدىكى خىتاي زالىملىرى ھەم ئۇلارنىڭ

قۇيرۇقى بولغان بەگلەرنىڭ ئىغىر ئىلىق – سىلىقى ئاستىدا زار يىغلاپ ياتقان ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ قارىساق، ئەگەر بىز تۈركىستاندا ئولتۇرۇشلۇق جۇڭغار ھەم قەشقەرلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن كېيىن قالغانلىقىنى ئويلىساق بۇ سىيېزدىنىڭ بىزگە نان – سۇ ئورنىدا كېرەكلىكى ئوپ-ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ.»[30]

ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ باش ماقالىسىنىڭ مەزمۇنلىرى «ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى» نىڭ ھەرىكەت دائىرىسى ۋە نىشانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئابدۇللا روزىباقىيېف سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتى، بولۇپمۇ تۈركىستان كومپارتىيىسى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ كەلگۈسى نىشانلىرى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي-ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەردىن تولۇق خەۋەردار كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر 1 - قۇرۇلتىيىغا بېغىشلاپ يازغان باش ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۈرەش نىشانى ۋە ھەرىكەت كۇن تەرتىپىنى ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ كۈرەش نىشانى دەپ قاراشقا بولىدۇ. قۇرۇلتاي جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇزاكىرە تەمىلىرىنىڭ بىرى كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئەلىدە قوزغىلىدىغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە تەشۋىقات ھەم تەشكىلاتچىلىق مەسىلىلىرى بولۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۆز نۇتقىدا قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئاتالغان بارلىق قەشقەرىيە ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىككە مۇستەملىكىچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى بولغان ئەزگۈچى بەگلەرنى يوقىتىشقا چاقىرغان. ئەلۋەتتە، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ سودا-تىجارەت ۋە قارا خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا كۆز قۇلاق بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزىدىغان ئاقساقاللارغا زەربە بېرىشكىمۇ چاقىرغان. ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ مەزكۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كۆزلىگەن ئاخىرقى نىشانى پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب قوزغاپ، خۇددى بۇخارا، خارەزم ۋە تۈركىستاندىكىدەك سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش پلاتفورمىسىنى

(30) ئابۇللار روزىباقىيېف . ”قەشقەر-جۇڭغارىيە ئىشچى كەمبەغەللىرىنىڭ بىرىنچى سىيېزى. قەشقەر ۋە جۇڭغارىيە ئىنقلابىي ئىشچى كەمبەغەللىرى ئىتتىپاقلىرىنىڭ بىرىنچى پۈتۈن تۈركىستان سىيېزىغا بېغىشلايمەن“. كەمبەغەللەر ئاۋازى. 1921 -يىلى، 1 -ئىيۇن، تاشكەنت.

بەلگىلەشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۆز باش ماقالىسىدە بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، قۇرۇلتاينىڭ تۈپ نىشانىنى مۇنداق ئىپادە قىلغان:

«پۈتۈن دۇنيانىڭ يوقسۇللىرى، كەمبەغەل-دېھقانلىرى، ئېزىلگەن مىللەتلىرى ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەشى، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا بىزگە قوي تېرىسىگە يېپىلىشۋالغان ھامىلار كېرەك ئەمەس. بىز ئۆز ئىشىمىزنى ئۆز قولىمىزغا ئېلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ھىمايە قىلالايمىز. »، «مەن ئىشىنىمەنكى، پۈتۈن دۇنيا يوقسۇللىرى ھۆكۈمدار بايلىرىغا، زالىم پادىشالارغا، پارىخور بەگلەرگە قارشى قوزغىلىپ تۈركىستان، قازاقىستان، بۇخارا، خىۋە ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە مالىك بولغان ئەھۋالدا بىزنىڭ ئىلى-ئالتىشەھەر خەلقى چەتتە قاراپ ئۇخلاپ قالماس! ئۆز زامانىسىدا ئىلىم، پەن ۋە سەنئەتنىڭ كانى بولغان قەشقەرىستان مۇندىن كېيىن يەنە جاھالەتكە پېتىپ قالماس.»[31]

ئەلۋەتتە، ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ باش ماقالىسىدىكى مەزمۇنلار ئەينى دەۋرنىڭ كوممۇنىستىك شوئار ۋە سىنىپىي ئايرىمچىلىق ھەم كۈرەش مەپكۇرىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئىدىيىسى بىلەن سىنىپىي ئازادلىق، يوقسۇل-ئېزىلگۈچى سىنىپنىڭ ئەزگۈچى سىنىپنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش ئىدىيىسى بىرلەشتۈرۈلگەن. لېكىن، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەڭ زور ئەزگۈچى دىكتاتور تۈزۈم مۇستەبىت خىتاي (خەن) ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ قول چوماقلىرى بولغان، مىللىتى ئۇيغۇرلارغا تەۋە زالىم بەگلەر ۋە ئاقساقاللارمۇ ئوخشاش يوقىتىلىش كېرەك. ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر گۇرۇھقا مەنسۇپتۇر. بىراق، روزىباقىيېفنىڭ ئېنىق نىشانى قەشقەرىيە ۋ ئىلى ۋادىسىدا ئازادلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خۇددى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى، قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ھەمدە تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئالغاندا، ئەمدىكى نۆۋەت ئۇيغۇر ئېلىغا كەلگەن بولۇپ، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك، ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ئىتتىپاقىنىڭ بۇ قۇرۇلتىيى ئەنە شۇ ئارزۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھۇلىنى سالغۇچىدۇر.

روزىباقىيېۋ بۇ نۇقتىنى شەرھىلەپ «مۇندىن كېيىن قەشقەرىستان ئىنگىلىز

(31) ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ، شۇ ماقالە، كەمبەغەللەر ئاۋازى، 1921 -يىلى، 1 –سان.

ئالتۇنغا سېتىلماس، چۈنكى، ئەمدىكى ئازادلىق نۆۋىتى قەشقەر-جۇڭغارىيىنىڭكى! بىرىنچى سىيىزد بۇ ئازادلىققا يول ئاچقۇچىدۇر!» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.[32] ئەمما، ئۇ يەنە ئېنىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئارزۇلۇرىغا يېتىشىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە تايىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ «بۇ يولدا شورالار ھۆكۈمىتى، چىن مەزلۇملارنىڭ ھامىيسى بولغان بولشېۋىكلەر پارتىيىسى دوست» دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار تاشكەنت قۇرۇلتىيىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپلا قۇرۇلتايدا ئالغان قارار ۋە پلاتفورمىلارنى سوۋېت رۇسىيىسى كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىيۇروسىغا مەلۇم قىلىدۇ. روزىباقىيېفنىڭ ئىمزاسى بىلەن يوللانغان بۇ ھەقتىكى دوكلاتنىڭ مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 - تارانچى - قەشقەرلىك ۋە تۇڭگانلار ياشىغان جايلاردا «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقلىرى تەشكىل قىلىندى. ئىنقىلابىي ئىتتىپاقنى تەشكىل قىلىشتىكى مەقسەت: ئالتىشەھەر – جۇڭغارىيىدىكى ھەممە ئەمگەكچىلەرنى ئىنقىلابى ئىتتىپاققا بىرلەشتۈرۈش. بۇ كەڭ ئاممىنىڭ ئېڭىغا سىنىپىي ئاڭنى سىڭدۈرۈش ۋە كەلگۈسىدە قەشقەرىيىدە بولىدىغان ئىنقىلابقا جەڭگىۋارلار ۋە ئاۋانگاردلارنى تەييارلاش؛ خەلقنىڭ مەدەنىي سەۋىيىسىنى ۋە ساۋاتىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىنقىلابى ئىتتىپاق سىياسىي ۋە مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، قەشقەر-جۇڭغار ئاممىسى ئىچىدە بۇ ئىشنى ئېلىپ بېرىش زەرىبدار ئىش دەپ تونۇلسۇن :

جايلاردىكى ‹ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقلىرى› ئىچىدە پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلسۇن: پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق ئىتتىپاقى ئەزالىرىغا كوممۇنىستىك تەربىيە بېرىلسۇن ؛ پروتكول ئىنقىلابى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئىنقىلابى ئىتتىپاقتا بولمىغان ئامما ئىشلەپ چىقىرىش ئارتېللىرىغا جايلاشتۇرۇلسۇن، بۇ كەلگۈسىدە قەشقەرىيىدە ئىشلەپ چىقىرىش كەسپىي بىرلەشمىلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە زېمىن بولسۇن؛

2 - ئىشلارنىڭ پائال ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى مۇستەقىل تەشكىلات سۈپىتىدە تۈركىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا بولىدۇ.

3 - مالىيە ۋە ئىگىلىك تەرەپتىن ئىنقىلابىي ئىتتىپاقلار تۈركىستان كومپارتىيىسى

(32) شۇ ماقالە. 1 - سان.

مەركىزىي كومىتېتى تەستىقلىغان ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ھېساب پىلانى بويىچە پارتىكوملار ئارقىلىق تەمىن ئېتىلسۇن.

4 - قەشقەر-جۇڭغارىيە ئەمگەكچىلىرىنى خىتاي مۇستەبىت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئاقساقاللارنىڭ قارمىقىدىن ۋە تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلابى ئىتتىپاقا ئەزا بولغان جۇڭغار ۋە قەشقەر ئەمگەكچىلىرىگە رۇسىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ گراژدانلىقىغا ئۆتۈشىگە ئىمكانىيەت بېرىلسۇن.[33]

مەزكۇر پلاتفورمىنىڭ مەزمۇنىدىكى ئاساسلىق نۇقتا يەنىلا كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستاندا قىلىنىدىغان ئىنقىلاب ئۈچۈن زەربىدار ۋە ئاۋانگاردلارنى تەربىيىلەش بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە قانداقتۇر پەقەت مەزكۇر تەشكىلاتنىڭلا مەۋقەسى بولماستىن بەلكى موسكۋانىڭ مەۋقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى ئۆز پىلانلىرىنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىي قوللاشقا ئېرىشمەكچى ۋە پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشمەكچى بولدى. مەزكۇر تەشكىلات قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جايلاردا تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئاكتىپ ئېلىپ باردى. ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ قارمىقىدا ئاياللار ۋە ياشلار تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، ئاياللار ۋە ياشلار، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ قەشقەرىيىدىن كەلگەن ياشلار ئارىسىدا خىزمەت ئىشلەش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، ياشلارنى كەلگۈسىدە قەشقەرىيىدە قوزغىلىدىغان ئىنقىلابقا تايانچ كادىر قىلىپ تەربىيىلەش ھەمدە ئۇلارنى يەر ئاستى پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئەۋەتىش زۆرۈر ئىدى، مەركىزىي كومىتېت بۇ ۋەزىپىنى قاسىم ئەلىيېۋ ۋە ئەخمەت دۆلەتوفلارغا تاپشۇردى.

ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى يەنە ئۇيغۇر ياشلىرىنى تاشكەنت، موسكۋا، ۋە لېنىنگراد ھەم باشقا جايلاردىكى ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ، يۇقىرى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش پىلانى تۈزۈپ، بۇ ئىشقىمۇ كىرىشتى. مەدەنىي ئاقارتىش، ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم خىزمەت كۈن تەرتىپىدىن ئورۇن ئالدى.

**داۋامى بار ...**

مۇھەررىر: د.نۇرئەھمەت قۇربان

(33) ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى پارتىيە تارىخى ئارخىپى. Fond.60.jilit 1377. بۇ مەنبە م. روزىباقىيېفنىڭ ”ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى“ ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. -34بەت.

ئۆمەرجان نۇرى[1]

# «بايانى ھەقىقەت» ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان ماقالىلەر

يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ بېكىنمىچىلىكى سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن مەنىۋى قاششاقلىق ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك مەركىزى ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر يۇرتىنى دۇنياغا ناتونۇش قىلىۋەتتى. قازاق زىيالىيسى چوقان ۋەلىخانوف جاسۇسلۇق ۋەزىپىسى بىلەن ئۇيغۇر يۇرتىغا كېلىپ توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رۇسچە ئېلان قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى قايتىدىن دۇنياغا بىلدۈردى. ئۆزىمۇ شەرقشۇناس ئاتىلىپ پايدا تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرخىل ۋەزىپە، ئوخشاش بولمىغان مەقسەتلەر بىلەن كەلگەن ياۋروپالىقلارنىڭ ئايىغى ئۇيغۇر يۇرتىدىن ئۈزۈلمىدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى باشقا بولغاچقا، ئۇيغۇر يۇرتىدىكى ئىزلىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھېچقانداق مەدەنىي ۋە ئىجابىي تەسىر ئېلىپ كېلەلمىدى.

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تاتارلار قوزغىغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى روھىي چۈشكۈنلۈككە قالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئورتا ئاسىيادىكى زىيالىيلار جەدىدچىلىك ھەرىكىتىدە ئاكتىپ رول ئويناپ، مەدەنىيەت، ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە ئىلگىرىلەشنىڭ تەييارلىقىغا ئۆتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار نەزىرىنى ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان ئۇيغۇر يۇرتىغا تىكىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي، تۇرمۇش ئۆرپ- ئادىتى قاتارلىق ساھەلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئۆتتى. بۇنىڭ بىرسى ئۇيغۇرلاردىكى تۇنجى ئويغانغان ئادەم – نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف،[2] يەنە

(1) (ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، تىل ۋە تارىخ-جۇغراپىيە فاكۇلتېتى، تارىخ بۆلۈمى دوكتور ئاسپىرانتى)

(2) نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف-(1952-1887) قازاقىستاننىڭ غالجات يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز مەھەللىسىدىكى مەدرىستە چىقارغاندىن كېيىن، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. شۇ مەزگىلدە رۇس تەتقىقاتلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەجدادىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ 1911- يىلى تۇنجى بولۇپ، «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. 1914- يىلى ئۇيغۇرلار دۇنياسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاقسۇغىچە كەلگەن. ئۇ 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە كۆپ ئويلانغان. 1920- يىللىرىدىن باشلاپ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. كېيىن ستالىن پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تازىلاش ئېلىپ باشلىغاندا، 1929- يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جاغىستايغا كۆچۈپ كېلىپ

بىرسى تاتار مۇخبىر- نۇشىرۋان يائۇشېۋ ئىدى.[3]

نەزەر خوجا 1914- يىلى ئاقسۇغىچە كېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، دوكلاتىنى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىدۇ، ئارقىدىن نۇشىرۋان 1915- يىلى غۇلجا- ماناس ئارقىلىق كۇچار، قەشقەر ۋە خوتەنگىچە كېلىپ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىنى ئورنبورگدا تاتارچە نەشر قىلىنىۋاتقان «شۇرا» ژۇرنىلى ۋە «ۋاقىت» گېزىتىدە 90 پارچە خەۋەر قىلىپ ئېلان قىلدۇرىدۇ.

ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سەلەفىيلىك تەشەببۇسى ۋە جەدىدچىلىك ھەرىكىتى باش كۆتۈرۈۋاتقان، «ئۇسۇلى قەدىم» چىلەرنىڭ نوپۇزىغا دەز كېتىۋاتقان بولغاچقا، «شۇرا»، «ۋاقىت» نىڭ ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئىشتىراكچىلىرى خېلى كۆپ ئىدى. شۇڭا نۇشىرۋاننىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ھەربىر پارچە خەۋىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ تۇرغان. نۇشىرۋانمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنى مۇلاھىزىسى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلدۇرىۋەرگەن.

نۇشىرۋاننىڭ قەشقەردىن ئەۋەتكەن «كاشغەر مۇسۇلمانلار ھالىدىن» دېگەن ماقالىسى «ۋاقىت» گېزىتىگە بېسىلغاندىن كېيىن، نەزەر خوجا ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى تەسىراتىغا قوشقان مۇلاھىزىسىنى «شۇرا» ژۇرنىلىدا «بىزنىڭ تۇرمۇش» دېگەن نامدا ئېلان قىلدۇرىدۇ. بۇ ئىككەيلەننىڭ مۇلاھىزىسىگە تولۇق قوشۇلۇپ كەتمىگەن، شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا زور تەسىر قوزغىغان ئابدۇلقادىر  داموللام بۇ ئىككەيلەنگە چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئوتتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ يازغان ماقالىسى «بايانى ھەقىقەت» نى ئېلان قىلدۇرىدۇ.

ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ «بايانى ھەقىقەت» ناملىق بۇ ماقالىسى ئەينى چاغدىكى

پىنھان تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1952- يىلىنىڭ ئاخىرىدا جاغىستايدا ۋاپات بولغان. ئۇ تۇنجى ئويغانغان ئۇيغۇر زىيالىيسى ۋە سىياسىي پائالىيەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنىڭ قايتا تىرىلىشىگە چوڭ كۈچ چىقارغان شەخس. ئۇنىڭ «شۇرا» دا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى «يورۇق ساھىللار» دېگەن نامدا 1991- يىلى ئالمۇتىدا كىرىل ھەرپىدە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان.

(3) نۇشىرۋان يائوشېۋ- (1886 - 1917) ئۇفالىق تاتار، مۇخبىر، مەرىپەت تارقاتقۇچى، جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەشۋىقاتچىسى. ئۇ 1914- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىلى، ماناس ئارقىلىق كۇچاغا كېلىپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنى ساياھەت قىلغان. ھەم بۇ جايلاردا بىر مەزگىلدىن تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىيال توپلىغان. بارغانلا يېرىدە جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان ياكى ئېچىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان. يول بويى ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارنى خەۋەر قىلىپ، «شۇرا» ژۇرنىلى ۋە «ۋاقىت» گېزىتىدە ئېلان قىلدۇرۇپ تۇرغان. ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، تىجارەت ۋە ئۆرۈپ ئادىتىگە ئائىت 90 پارچە ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. رۇسىيەدىكى ‹فېۋرال ئىنقىلابى›نىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تاشكەنتكە قايتىپ بارغاندا تۇيۇقسىز، ياپياش تۇرۇپ ۋاپات بولغان. نۇشىرۋان ئەينى چاغدا ئۇيغۇر جەدىدچىلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان شەخس .

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۆپېراتسىيە قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ۋە ۋەزىيىتىنى ئوبدان چۈشەندۈرگەن ئەسەر بولغاچقا، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ ئىلمىي نوپۇزىغا قايىل بولغانلىقىنى «بايانى ھەقىقەت»كە قوشۇمچە قىلىدۇ ھەم مەزكۇر ژۇرنالدا ئابدۇلقادىر داموللامنى تونۇشتۇرىدۇ. «بايانى ھەقىقەت» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نۇشىرۋانمۇ ئۆز ماقالىسى ئۈچۈن بىر چۈشەندۈرۈش يېزىپ ئېلان قىلدۇرىدۇ.

20- ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىش- بولۇپمۇ، 20- ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدىغان ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ «بايانى ھەقىقەت» ناملىق ماقالىسى ۋە ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان نۇشىرۋان يائوشېفنىڭ ئىككى پارچە ماقالىسى، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ بىر پارچە ماقالىسىنى ئېلان قىلىنغان ۋاقىت تەرتىپى بويىچە مۇنازىرە شەكلىنى بۇزماي، ئەينەن نەشرگە تەييارلىدىم . زۆرۈر بولغان مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ- ناملارغا ئىزاھات بېرىپ قوشۇمچە قىلىپ قويدۇم.

## 1 - كاشغەر مۇسۇلمانلىرى ھالىدىن(4)

«ھېيتگاھ» مەسچىتىدە جۈمە نامىزىدىن كېيىن كاشغەرنىڭ مۆتىۋەر ئالىملىرىدىن قازى كالان ئىسلامئاخۇن ھەزرەتلىرى خەلققە قاراپ تۈركىي تىلدا(5) پايدىلىق سۆزلەرنى سۆزلىدى. ئائىلە تەربىيەسى ۋە ۋاقىتلىق نىكاھ(6) ھەققىدە ئىجابىي ۋە سەلبىي رەۋىشتە نەسىھەتلەرنى قىلدى، قازى جانابلىرى مۇندىن كېيىنمۇ ھەر جۈمە كۈنى شۇنداق پايدىلىق ۋەزلەرنى سۆزلەپ تۇرماقچى بولدى. بۈگۈنگە قەدەر كاشغەردە تۈركىي تىلدا خۇتبە ۋە نۇتۇقلار سۆزلەنمىگەن، باشقا مەسچىتلەردىكى ئىمام ۋە خاتىپ ئەپەندىلەرمۇ بۇنىڭدىن

(4) «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1915- يىلى 7- ئاينىڭ 24- كۈندىكى ئومۇمىي 1830- سانىدىن.

(5) تۈركىي تىل- بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىنى دېمەكچى. 15- ئەسىردىن باشلاپ ئىسلامىيەتنىڭ بەينەلمىنەلچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامى تەدرىجىي يوقىلىپ «تۈرك» دېگەن ناملا قالغاچقا، «ئۇيغۇر تىلى»مۇ «تۈركىي تىل» دەپ ئاتىلىپ قالغان. ‹ئۇيغۇر› دېگەن نام 1921- يىلى 6- ئاينىڭ 1- كۈنى تاشكەنتتە چاقىرىلغان ‹تارانچىلار ۋە قەشقەرلىكلەر قۇرۇلتىيى›دا مالوفنىڭ تەكلىپى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قوللىنىش قارار قىلىنغان. «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئاتالغۇ بولسا «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1925- يىلى 7- ئاينىڭ 10- كۈندىكى ئومۇمىي 52- سانىدىن باشلاپ قوللىنىلغان. شۇڭا نۇشىرۋاننىڭ بۇنداق ئاتىشى خاتا ئەمەس.

(6) ۋاقىتلىق نىكاھ (نىكاھى مۇتئە)- شىئە مەزھىپى ۋە ئىشانكەشلەر ئارىسىدا ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئاساسەن، جىنسىي ئېھتىياجدىن چىقىپ، زىنادىن ساقلايدۇ،- دەپ ئائىلە قۇرۇشنى مەقسەت قىلمىغان بىرخىل بىنورمال نىكاھ شەكلى. ۋاقىتلىق نىكاھ زىنا خاراكتېرىنى يېپىش ئۈچۈن زورمۇ- زور نىكاھ ئوقۇلۇپ، بىر كېچىدىن بىرەر ئايغىچە داۋاملىشىدىغان، ئىنسانىي ئىززەتنى دەپسەندە قىلىدىغان نىكاھ بولغاچقا، ئەھلىي سۈننىيلەر ‹ھارام›،- دەپ ھىساپلايدۇ.

ئۆرنەك ئېلىپ جۇملەردە تۈركچە ۋەز نەسىھەتلەرنى سۆزلەشكە باشلىسا ياخشى بولاتتى.

يېڭىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان مىللىي مەكتەپلەر پايدىسىغا تەرەققىيپەرۋەر بايلار تەرىپىدىن «ياردەم ئورنى» ئېچىلدى. زىرائەتلەر پىشىپ ئورما ۋاقتى بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن «تاۋاپچىلار» ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكە باشلىدى.

رامىزان شەرىف ئاخىرلىششى بىلەن يازدىن بىرى داۋاملىشىۋاتقان مەشرەپلەر قايتىدىن قىزىشقا باشلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شامپانسكىنىڭ بىر شىشىسى 9.50 سوم، كونياك 4.50 سوم، ھاراق بىر يېرىم سوم 25 تىيىنگە چىقتى. بۇ يەردە بايلارنىڭ ھەممەت ۋە غەيرەتلىرى ھەم بايلىقنىڭ دەرىجىسى مەزكۇر مەشرەپلەر بىلەن ئۆلچىنىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن مۇمكىن قەدەر مەشرەپلەرنى ياخشىراق قىلىشقا تىرىشىدىكەن.

بۇ يەردە ئۈچ- تۆت يۈز ئۆيلۈك رۇسىيەلىك ئۆزبېك قېرىنداش بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بايلاردىن، سودا ئىشلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە راۋاجلىنىپ كېتىۋېتىپتۇ. بۇ تەرىپىدىن قارىغاندا بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھالىنى ماختىماسلىققا ئامال يوق. بىر قاملاشمىغان ئىشى شۇكى، ئۇلار ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا پەقەت ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇلار يەرلىك خەلقتىن تۆۋەن تۇرىدىكەن، ئۇلار ئۆز- ئارا ئاداۋەت قىلىشىپ، بىر- بىرىنىڭ غەيۋىتىنى ئېيتىشىپ كۆڭلىنى كۆتۈرشىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس مەكتەپلىرىمۇ يوقكەن، بالىلىرى ئىلىمدىنمۇ، تەربىيەدىنمۇ مەھرۇم ئىكەن، ئارىسىدا (پەقەت پازىل مۆھتەرەم زەرىف قارىي[7] بۇنداق ئىشلاردىن مۇستەسنا) زامان ئەھۋالىدىن خەۋەردار مائارىپپەرۋەر ئادەمدىن بىرسىمۇ يوقكەن.

تېخى يېقىندا، كاشغەر ئەتراپىدىكى بىر قازىنىڭ ياش خوتۇنى يوقاپ كەتكەن، كۆپ ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى يېڭى شەھەردىكى بىر خىتاي[8] نىڭ ئۆيىدىن تاپقان.

(7) زەرىف قارىي- (1858-1958) تاشكەنتتە تۇغۇلغان. 1890- يىلى قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ «قۇرئان كەرىم» گە تەپسىر يازغان. «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» نى پارسچە يازغان. نۇشۇرۋان يائۇشېفنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ يەنە ئەرەب تىلىنىڭ تەلخىس ۋە بالاغىتى ئورنىدا، تۈركىي تىلغا ئاتاپ يېزىلغان »ئەدەبىياتى تۈركىييە» دېگەن ئەسىرمۇ بارىكەن. 1933- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گە ئەدلىيە نازىرى بولغان. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، سابىت داموللا بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ياتقان. كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ غۇلجىغا بارىدۇ. 1944- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. 1949- يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. ئۇ ھاياتىدا بۇرھان شەھىدۇللاھتەك ئۈچ ھۆكۈمەتنىڭ قۇچىقىدا ئويناپ يۈرۈپ، 1958- يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولىدۇ.

(8) خىتاي- قىتان تىلىدا ‹خەنجەر› دېگەن مەنىدە بولۇپ، قىتان (ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا) لار ياكى قىتاي (ئورتا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەردە) ۋە خىتاي (ئەرەب-پارىسلاردا) ئەسلى جۇڭگونىڭ شىمالىدا 7-12 -

ختايلىق: مەن بۇ خوتۇننى بىر دەللالدىن 200 سەرگە سېتىۋالدىم. 200 سەر پۇلۇمنى بېرىپ خوتۇنۇڭنى ئېلىپ كەت دېگەن . قازىمۇ 200 سەر تۆلەپ خوتۇننى ئېلىپ ئۆيىگە قايتقان. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەزكۇر خوتۇن يەنە يوقاپ كەتكەن، يەنى قېچىپ كېتىپ يەنە شۇ ختاي قېشىغا بارغان. قازى بۇ نۆۋەت ختاي ئۈستىدىن ھاكىمغا ئەرز بەرگەن. ھاكىم دەرھال خوتۇننى ئەكەلدۈرۈپ سوراق قىلغانىكەن. خوتۇن: «مەن قازىغا بارمىغان (تەگمىگەن)، مېنىڭ ئېرىم مۇشۇ ختاي» دېگەن .

كاشغەردىن يىراق بولمىغان بىر يېزىدا مۇنداق بىر غارايىپ ۋەقە بولدى. بىر ختاينىڭ بىر مۇسۇلماندىن 15 سوم ئېلىشى بار ئىكەن. مەزكۇر ختاي بىر كۈنى پۇلنى سۈيلەپ كەپتۇ. بەك قىستاپ سۈيلەۋەرگەچكە بىچارە مۇسۇلمان ختايغا ئەپۇ ئېيتىپ ئۆزىنىڭ ئون ئايلىق بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە تالاغا ئەپچىقىپ قولىدىكى پىچاق بىلەن بالىسىنى بوغۇزلىغان. ختاي قورققىنىدىن 15 سوم پۇلدىن ۋاز كېچىپ، بالىسنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن يەنە 10 سوم پۇل بېرىپ كەتكەن .[9]

نۇشىرۋان يائۇشېۋ

## 2 - بىزنىڭ تۈرمۈش[10]

بۇرۇنقى زاماندا «ئۇيغۇر» ئاتىلىپ، ھازىر ئاتسىز قالغان، چىنىي تۈركستان تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋە بىچارىدۇر. بىز بۇنى 1914- يىلى ئاقسۇ سەپىرىمىزدە كۆرگەن ئىدۇق. مەسىلەن، ئۇيەردە 15 سوم قەرزنى بېرەلمەي قالغان بىر تۈرك ئەزىز بالىسىنى بىر ختاي سودىگىرىگە ساتقانلىقى، ئىككى ئۈچ مۇسۇلمان ئايالنىڭ بىللە بىر ختايغا بېرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئائىلە تەشكىل قىلغانلىقى ۋە

ئەسىرلەردە ياشاپ، قىتان خانلىقى (لياۋ سۇلالىسى) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قارا ختاي خانلىقى (غەربىي لياۋ خانلىقى) نى قۇرغان قەدىمكى مىللەت. قىتان خانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدا بولۇشۇپ ئۆتكەن، قاراخانىيلار قارا ختايلار تەرىپىدىن مۇنقەرز بولغان. قىتانلار ئەينى زاماندا شىمالى جۇڭگونى ئىدارە قىلغانلىقىدىن، 15-10- ئەسىرلەردە شەرققە كەلگەن سەيياھلارنىڭ خاتىرىسىدە ئەينى چاغدىكى جۇڭگو ۋە جوڭگولۇقلار Cathay، ئەرەب-پارسچە مەنبەلەردە ‹ختا، ختاي› دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنى سلاۋيانلار КИТАЙ دەپ ئۆزلەشتۈرۈپ ھازىرغىچە قوللىنىۋاتىدۇ. ھەتتا، ئەينى چاغدىكى جوڭگولۇقلارمۇ ئۆزىنى ‹قىتان، قىتاي، ختاي› دەپ ئاتىغان. قاراڭ:
贾敬颜："契丹"–汉人之别名（中央民族学院学报，1987年，第5期，20–22页）。

شۇڭا، ‹ختاي› سۆزى تارىختا ھەم جۇڭگونى ھەم خەنزۇلارنىڭ ئەجدادىنى كۆرسىتىدۇ.

(9) بۇنداق ئەھۋال بۇرھان شەھىدىۇللاھنىڭ «ۋاقىت » گېزىتىگە ئەۋەتكەن خەۋىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان.
(10) «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈندىكى 8-19- سانىدىن.

جاھانگىرلىك ۋەھشىيلىكىنى ماختىشىپ، ئۆتكەن- كەچكەن ئۇيغۇرلارنى مەسخىرە قىلىپ، كۆلۈشۈپ ئولتۇرۇشقىنىنى، سارايلاردا تولىسى مۇسۇلمانلار پاھىشىۋازلىق قىلىپ، خىتايلار بىلەن ھەزىللىشىپ، ئوينىشىپ ئولتۇرۇشقىنىنى، تەپسە تەۋرىمەس ئۆزگۈدەك ياش يىگىتلەر تۈركۈم- تۈركۈم بولۇپ يۈرۈشۈپ، كوچىلاردا ۋارقىراپ يۈرۈپ، بىر پارچە نان غېرىبى بولۇشۇپ، باشلىرىنى دىۋانىلىققا سېلىشىپ، «يا دوس، يا ئاللاھ!» دەپ ھاۋانى ياڭرىتىپ، دۇنيانى چاڭىلدىتىپ بىر پۇل ئۈچۈن ئۆتكەن- كەچكەننىڭ ئىتىكىگە يېپىشىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۆز مەئىشىتىنى ئۆزى تەمىن ئېتىشكە تىرىشقان نومۇسلۇق ئىشچىلارنىڭ كۆڭلۈك ھەققى ئالتە تىيىن بولغانلىقتىن، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىنى تەمىن ئېتىپ، دۇنيادا ياشاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇندا ھۈنەر- سەنئەت ھەممىگە يالغۇز ماتا- چەكمەن ۋە شايى قولدا توقۇلسىمۇ، لېكىن ئاياق كىيىملىرى بىلەن يارىشىدىغان دەرىجىدە چىرايلىق بولمىغانلىقتىن، بازىرى يوق ئىكەنلىكىنى، سودا- تىجارەت ساھەسىدە ئېيتقۇدەك ئىش قىلغان بىرمۇ تىجارەت ئورنى بولمىغانلىقىنى، ئوقۇش- ئوقۇتۇش بولسا تا ھەزرىتى نوھ زامانىدىن قالغان ئۇسۇل بىلەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرەپلەردە مەتبۇئاتتىن ئەسەر بولمىغانلىقتىن، بۇ جەھەتتىن ھېچ نەرسە يوقلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە تەربىيەسى بەك ناچار ھالدا بولۇپ، بالىلارغا كىچىكىدىن ئىسلام تەربىيەسى بېرىپ، ئىسلام روھى بىلەن رۇھلاندۇرۇلمىغانلىقتىن، مىللىي مەتبۇئات بىلەن تەشنا ئادەملەر ئەمەس، بەلكى مەتبۇئاتنىڭ ھەممىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقى گۇمانلىق ئىدى. خۇلاسە: بۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن مۇراد ھاسىل ئەمەس. ناچار ھاللارنى كۆرۈپ قايغۇرۇشقان ۋە بۇنىڭدىن تولىسى چىنىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە بەك ۋەھىمىدە ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدۇق. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئاقسۇ چىنىي تۈركىستاننىڭ شەرقىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقتىن، بۇلار خىتاي خەلقىدىن غەيرى مىللەتلەرگە ئارىلاشماي ياشىغان. ئەمدى خىتايلار بولسا مەدەنىيەتتىن بەك يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بەك ئارقىدا قالغان. بۇ يەردە مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا ئانداق ئەمەستۇر، قەشقەر خەلقى تەرەققىي ئەتكەندۇر. ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇسابايوفلار، ئابدۇلقادىر دامولىلار بارغۇ، دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بەرگەن ئىدۇق. ھەممە تىز ۋاقىتتا بۇ دىيار ئەھلىمۇ قەشقەرلەردىن ئۈلگە ئېلىپ تىز ئالەم مەدەنىيىتىگە ئاياغ باسىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلغان ئىدۇق. لېكىن بىزنىڭ بۇ ئۈمىدلىرىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. سەيياھ مۆھتەرەم نۇشىرۋان ئەپەندى بىزنى چىنىي تۈركىستان تۇرمۇشى بىلەن يېقىندىن تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئىستىقبالىمىزنىڭ بەك ۋەھىملىك

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

نۇشرۋان ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، قەشقەردە بۇنىدىن ئۈچ- تۆت يىل ئىلگىرى گېزىت ئوقۇيدىغانلار بولمىغان بولسىمۇ هازىر خېلى كۆپەيگىنىنى، بۇ ئارقىلىق ئۆز ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئىنقىرازلىقتىن[11] قۇتۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى، بىرەن- سەرەن تەرتىپلىك مەكتەپلەر بولۇشىغا باشلىغانلىقىنى ئاڭلىساقمۇ، بۇ ئىشلار ئۇلارنى مەتلۇب[12] بولغان مەقسەتكە يەتكۈزدى. ئىنقىراز چوڭقۇرىدىن تارتىپ ئالالمايدۇ. بۇنىڭغا سەۋەب كېسەل ئادەم ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىش، چۈشىنىش بىلەن ساقايدى، دەپ هۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئاۋۋال بۇنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپ كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا مەكتەپتە بىلىپ چىققان ئىلمىڭ ئەمەلىي جەهەتتىن بىر ئىشقا يارىمىسا، قورۇق پەلسەپە سېتىپ، ئالەمنى ياڭراتقان بىلەن ئىنقىرازلىقتىن قۇتۇلالمايسەن! بۇرۇنلاردىنلا بىز مولللارغا كەمچىل ئەمەس ئىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەهۋال بىزنىڭ ئىنقىراز تەرەپكە مېڭىشىمىزنى توسالمىدى. سەۋەبى، ئۇلار پەلسەپە سېتىپ ئادەمنى هەيران قالدۇرۇشقا ماهىر بولسىمۇ، ئىش توغرىسىغا كەلگەندە، ئۇلار ئۆز مەئىشەتلىرىنى «ئۆز تۇرمۇشىنى» ئۆزلىرى تەمىن ئېتىشتىن ئاجىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ئاۋام خەلق «موللا كىشى- يېرىم كىشى» دەپ ئاتايدۇ. قاچانكى بىزنىڭ خەلق «موللا كىشى- يېرىم كىشى» دېگەن ئېتىقادتىن قايتىپ «موللا كىشى- پۈتۈن كىشى» دېگەن ئېتىقادقا كەلسە، مولللارمۇ پائالىيەت كۆرسىتىپ «موللا كىشى- پۈتۈن كىشى، ئاۋام كىشى- يېرىم كىشى» ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈدەك هالغا كەلسە، تەرەققىيات يولىغا كىرىپ ئىنقىراز يولىغا كىرمەيدىغان بولاتتۇق. يەنە نوشرۋان ئەپەندىنىڭ قەشقەر مەكتۇپلىرى ئارىسىدا مۇنۇ جۈملىلەر كۆرۈلدى: «يېقىندا قەشقەرلىك بىر قازىنىڭ ئايالى قېچىپ بىر خىتايغا بارغان. قازى مەزكۇر خىتاي ئۈستىدىن هاكىمگە ئەرز بەرگەن. مەزكۇر ئايال هۆكۈم ۋاقتىدا: «مېنىڭ ئېرىم قازى ئەمەس، خىتاي» دېگەن . يەنە بىر ئۇيغۇر بىر خىتايغا قەرز بولغان ئون بەش سوم پۇلنى بېرەلمىگەنلىكتىن ئەزىز بالىسىنى سويۇپ بەرگەن، مانا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز!...

دېمەك ، هەممە يەردە بىر ئەهۋال. ئۇ يەردىمۇ شۇنداقلا پاھىشىۋازلىق، دىۋانىلەر، تىلەمچىلەر، قىمارۋازلار بىرىنچى دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. مىللەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەرلەر

(11) ئىنقىراز- ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تۈگەشمەك، يوقالماق، مۇنقەرز بولماق» دېگەن مەنىدە.

(12) مەتلۇب -ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تەلەپ قىلىنغان، كۈتۈلگەن، ئىستەلگەن، سورالغان، ئىزدەنگەن، ئارزۇ قىلىنغان» نەرسە دېگەن مەنىدە.

ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. يۇقىرىقى چىنىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى ئاۋۋال ئۇيغۇر ئاتىلىپ، كېيىن ئاتىسىز قالغان دېگەن ئىدۇق. نېمە ئۈچۈن؟ يەرلىك بىر تۈرككە سەن كىم؟ دېسەڭ، ‹قەشقەرلىك› ياكى ‹خوتەنلىك› دەيدۇ. «ئۇ يەرنىڭ ئىسمىغۇ؟» دېسەڭ، ھامان «مەن مۇسۇلمان» دەيدۇ. ‹ياق، مەن دىنىڭنى سورىمىدىم› دېسەڭ، ھودۇقۇپ «مەن چەنتۇ» دەيدۇ. قازاق، قىرغىزغا ئارىلاشقان يەردىكىلەر «بىز سارت» دەيدۇ. دېمەك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ مانا بۇ جاھالەت.

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ

## 3- بايانى ھەقىقەت[13]

19- سانلىق «شۇرا»دا «بىزنىڭ تۇرمۇش» ئىسىملىك ماقالىدە نەزەر خوجا ئەپەندى چىنىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ئىستىقباللىرى بەك قاراڭغۇ ۋە تۇمانلىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ: «كاشغەر ئىلى تەرەققىي ئەتكەندۇر، ئاندا تەرەققىيپەرۋەر مۇسابايوفلار، ئابدۇلقادىر داموللىلار بارغۇ!...» دەپ ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، كېيىن بۇ ئۈمىدىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلگىنىنى ھېكايە قىلىش تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك! «ئەپسۇس ئۈستىگە ئەپسۇسكى، بىر قاغىغا نارازى بولسا، بەش قاغا كەپتۇ» دېگەندەك .

مەدەنىيەتكە ئاياق بېسىش- ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك رەھبەرلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ياكى قوشنىلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بولۇش مۇمكىندۇر. بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز- شەرق تەرىپىمىز، رەفقىمىز ئورنىدا كۆرگەن بىلگەن ئاقسۇلۇقلار ۋە خىتايلار، شىمال تەرىپىمىز قىرغىز ۋەھشىيلىرى[14]، جەنۇبىمىز تىبەت ۋەھشىيلىرى، غەربىمىز ئەزەلدىن بىزلەرگە ئۇستاز بولۇپ دىن ۋە مەدەنىيەتكە تەلىم بەرگەن «پەرغانە» ۋە ئەڭ مۇقەددەس مەدەنىيەتگاھىمىز «بۇخارائى شەرىف» دۇر. ئۇنىڭدىن ئالغان مەدەنىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەسەرلىرىنى بايان قىلىشتىن سۆز ئېچىشقا ئاجىزدۇرمىز. ئەپۇ قىلۇرسىز ئەپەندىم! كېلەچەككە يول كۆرسەتكۈچى بۈيۈك رەھبەرلىرىمىزگە (مەلۇم بولسۇنكى): «كاشغەر» ناھىيەلىرى بىلەن «ياركەند»، « خوتەن» ۋە باشقا يۇرتلار يەتتە سەككىز يۈزمىڭ نوپۇسلۇق بىر مەملىكەتتۇر. ئاھالىسىنىڭ پۈتۈن دىنىي، مىللىي ۋە ئىقتىسادىي، ھەتتا تېببىي ۋە باشقا ئىشلىرى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. دېھقانلار

(13) «شۇرا»، -1915 يىلى -12 ئاينىڭ -1 كۈندىكى -8-23 سانىدىن.

(14) ۋەھشىي- ئەرەبچە سۆز بولۇپ «ياۋايى، سەھرا–چۆلدە تۇرغۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە ‹كۆچمەن، چارۋىچى› دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

خامانلىرىنى ئۇلار تەيىن قىلغان ياخشى سائەتلەردە ئالىدۇ. كىسەللەر ئۇلارنىڭ ئەمرلىرى بويىچە بەزىلىرى دۇئا ئوقۇتماق ۋە بەزىلىرى رەدنامە ئوقۇتماق ۋە بەزىلىرى مازارلارغا چوقۇنماق ۋە بەزىلىرى دېمىدىلەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن شىپا تاپىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ قەدەر نوپۇزلۇق رەھبەرلەر قېشىدا يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتلار بىدئەت، هارام، دەھرىيلىك بولۇپ، «يېڭىلىق-دۇرۇس» دېگۈچى ئابدۇلقادىر داموللىلارغا تەرەپدار بولماق «متطلب في الماء جذوة نار» (سۇ ئىچىدىن ئوت چوغى ئىزدىگۈچىلەر) دېگەن بېيىتقا ئوخشاش قالىدى.

قايسى كۈنكى دىيارىمىزدا تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت ئېلىپبە [15] لىرى باشلاندى. رەھبەرلىرىمىز «دىن» نامىدىن مەزكۇر ئېلىپبەنى ئوقۇغۇچىلارغا «لەنەتكەردى، ئازغۇنلار» دېگەندەك پەتىۋالارنى يامغۇردەك ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا ئاڭسىز بولغاندىن كېيىن ئاڭلىق بولغان مىللەتلەرنىڭ تۆمۈر پەنجىلىك سىياسەتلىرىگە ئەسىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەخس مەنپەئەتلىرىگە يۈزمىڭ بەلكى مىليونلارچە دىن ۋە قان-قېرىنداشلىرىمىز قۇربان بولغان دەھشەتلىك ۋە ئەپسۇسلۇق بىر زاماندا، رەھبەرلىرىمىز ئىككى قوللاپ «قىسقا كىيىم-بىدئەت، هارام، ناساراغا ئوخشاشتۇر، ئۇنى كىيگۈچى كاپىر» ياكى «ئۇزۇن كىيىم –مەجۇسىي كىيىمى، قىسقا كىيىم ۋاجىپ» دېگەن بەس- مۇنازىرىلەر بىلەن ئاممىنىڭ پىكىرىنى پۈتۈنلەي دەھشەت ۋە بىئاراملىققا دۇچار قىلدى. بۇ رەھبەرلەرگە مۇداپىئە قىلماققا ئاددىي، تەبىئىي ئىشلار كۈپايە قىلمىغانلىقتىن ئادەتتىن تاشقىرى كارامەت ئىگىسى بولماق لازىم ئىكەن. ئىشانلارغا قىلغان ئىنكارىمىزنىڭ شۇملۇقىدىنمۇ ياكى رەھبەرلەر ھەققىدە يامان خىيال قىلغانلىقىمىزنىڭ كاساپىتىدىنمۇ، بىزنىڭ بۇ تەشەببۇسىمىز ئەمەلگە ئاشماي يەككە يېگانە هالىتىدە نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇلدى .

شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەدە: «بىلىنمىگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى تاشلىۋېتىلمەيدۇ» دېگەن سۆز بويىچە، بىزنىڭ دالالىتىمىز بىلەن ياشلار: 1. ئىجتىھات قىلىپ قىرائەتخانا ئاچتى. چوڭلار بۇنى «مەزھەپ بۇزىدۇ» دەپ ياپتۇردى. 2. ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇردى، بۇنى «دەھرىيەت ئوچىقى» دەپ بۇزدى. 3. جەمئىيىتى خەيرىيە ئىسلامىيە (ئىسلامنىڭ ياخشىلىق قىلىش جەمئىيىتى) نى قۇرىۋىدى، «پىتنە- پاسات تارقىتىدىغان مەركەز» دەپ تەشۋىق قىلىپ يىمىرىۋەتتى. 4. «نەسىھەتى ئاممە» ئىسىملىك رىسالىنى نەشر قىلسا، «بىدئەت» دەپ پەتىۋا قىلىپ، بىكار قىلدى. 5. مۇبارەك ھېيت ئۈچۈن تەبرىكنامە

(15) ئېلىپبە- ئەرەبچە ھەرپ «ا» (ئەلىف) ۋە «ب» (بە) نىڭ بىرىكىپ ئوقۇلۇشىدىن ياسالغان سۆز بولۇپ، ھەرقانداق بىر «ئىشنىڭ باشلىنىشى، مۇقەددىمىسى» دېگەن مەنىدە ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

باستۇرسا، «ئۆزىنى كاپىرغا ئوخشاتقانلىق» دەپ يىرتىۋەتتى. 6. «مۇتالىئە ھىدايەت» نامىدا دىنىي، مىللىي، ئەدەبىي مەكتەپ ئاچتى. بۇنى «ئازغۇنلار ئۇيۇشمىسى» دەپ تارقىتىۋەتتى.

ياشلارنى ئازدۇرۇشتا سەۋەب بولغان نەمۇنە بۇلارلىق رىسالە ۋە تەبرىكنامىلەر ئىككى ئادىل گۇۋاھچى بولسۇن ئۈچۈن مۆھتەرەم «شۇرا» ئىدارىسىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ ھەقتە مۆھتەرەم ئىدارە نېمە ھۆكۈم بۇيرۇركىن؟ ئەلۋەتتە «ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلىش ھەممە پەرزدىن كۈچلۈكرەكتۇر». ئېھتىمال، مۆھتەرەم نەزەر خوجا دوستىمىز ئۆزرىمىزنى قوبۇل قىلار. ئامالسىزلىقىمىزدىن تەرەققىي مەدەنىيەت ئېلىپبەلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ رەھبەرلىرىمىزگە ئەگىشىپ، «بۇخارائى شەرىف» دىن ئالغان مەدەنىيەت راھەتخانىلىرىدە شەمسىيە دەرسلىرى، بولۇپمۇ، زوق ۋە لەززەت بېرىدىغان ئۈچتىن بىرى ئارتۇق ياكى ئىككىنچى ئۈچتىن بىرى ئارتۇق دېگەن تالاش- تارتىشلار، «سۇللەمۇلئۇلۇم (ئىلىملەر شوتىسى)» دە كۇللىييات، جۇزئىييات، مەنە جەۋھەرلىرى، نەرسىلەرنىڭ تۇراقلىق ھەقىقەتلىرى، شۇ ھەقىقەت بىلەن ئىلىم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى، تەفتازانىي[16] نىڭ ماۋزۇلىرى ۋە ئۆلگىلىك مىسالىرىدەك تەنتەنىلىك دەلىللىرى، ئۇچۇق - ئاشكارا ۋۇجۇد تەسەۋۋۇرلىرى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەردىن ئالغان دىپلوملىرىدەك قاتمۇ قات ۋە نازۇك لەتىپىلەرنى، دەرس- مۇكالىمە قىلىش بىلەن راھەتلەرگە ئېرىشتۇق: جامالىدىن ئافغانىي[17] ، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ

(16) تەفتازانىي- ئەللامە سەئدۇددىن مەسئۇد بىننى ئۆمەر تەفتازانىي (1390-1320) مەشھۇر ئىسلام ئالىمى خۇراساننىڭ تەفتازان شەھرىدە تۇغۇلغان. تۆمۈرلەڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن مۆلكىي ۋەزىر، 1390- يىلى ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈف سەككاكىنىڭ ئەرەبچە ئەسىرى «مىفتاھۇلئۇلۇم» نى تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شەيخ سەئدىنىڭ پارسچە ئەسىرى «بوستان» نى تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئىلمى تەپسىر ، ئىلمى فۇتۇھات، ئىلمى ئەقائىد ۋە باشقا پەنلەردە بىرمۇنچە نادىر ئەسەرلەرنى يازغان. سەمەرقەنتتە ۋاپات بولغان.

(17) جامالىدىن ئەفغانىي- (1897-1838) ئىسلام پەيلاسوپى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، پانئىسلامىزمنىڭ بەرپاچىسى. ئىراندا تۇغۇلۇپ، ئافغانىستاننىڭ ئەسەدئابادتا چوڭ بولغان. ئىسلام تارىخى، ئەقائىد، تەسەۋۋۇپ ، پەلسەپە، لوگىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە ۋە تېبابەت ئىلىمنى ئىگىلىگەندىن باشقا ئەرەبچە، تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە ئۆگەنگەن. 18 يېشىدىن باشلاپ ھىندىستان ۋە ئەرەب ئەللىرىنى ساياھەت قىلىپ مۇستەملىكچىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا سالغان زۇلۇملارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭا « ئىسلام دۇنياسى بۈيۈك ئىتتىپاقى» قۇرۇشنىڭ كويىدا بولغان. 1866- يىلى ئافغانىستان پادىشاھى مۇھەممەد ئەزەمخاننىڭ باش ۋەزىرى بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، مىسرغا كېلىپ جامىئۇل ئەزھەردە مۇدەررىس بولغان. 1884- يىلى شاگىرتى مۇھەممەد ئابدۇھ بىلەن پارىژدا «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى قۇرۇپ ژۇرنال چىقارغان. كېيىن رۇسىيە، ئىران ۋە تۈركىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. ئەمما ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەچكە، ئاخىرى رېجىمغا چۈشۈپ قالغان. 1887- يىلى 3- ئاينىڭ 9 – كۈنى ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان. جەستى 1944- يىلى كابۇلغا يۆتكەپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغان.

[18]، ئىسمائىل بەگ غاسپىرىنسكى[19] لەرگە مۇيەسسەر بولمىغان تەھسىن ۋە ئاپىرىنلەر بىزگە مەخسۇس بولدى. بۇ ياخشى شېئىرنى كىم ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ كامىل بىر شەخس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولماقنى قانائەتلىنىشكە مەجبۇر بولدۇم:

تالەئىمدۇر تا ئەزەلدىن ھەر ئىشىم بۇزغۇن چۈشەر،

بۇلبۇلە قۇرسام توزاغى، بەختىمە قوزغۇن چۈشەر.

بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاللاھ تائالا يېڭى ئىشلارنى پەيدا قىلىش مۇمكىن. ئاللاھ ھەممە مۈلۈكنىڭ ئىگىسى ھەم ھەر نەرسىگە قادىر.

ئەمما سەيياھ مۆھتەرەم نۇشىرۋان يائۇشېۋ جانابلىرىنىڭ قەلىمى يۈگۈرۈك ۋە تېز بولغانلىقتىن بىر ئاز پەرەز ۋە مۇبالىغىلەردىن ساقلىنالماپتۇ. قەلەم سەۋەنلىكى بولسا ئەپۇ قىلماق كېرەك . قەشقەرلىك ھېچبىر قازىنىڭ خوتۇنى خىتايغا بارغىنى يوق ھەم بارماس ۋە ھېچبىر قەشقەرلىك تۈرك خىتايغا بېرىدىغان قەرزىگە بىرەر بالىسىنى بەرگىنى يوق ھەم بەرمەس. خاتىرجەم بولۇڭ ئەپەندىم!

ئېھتىرام بىلەن سەممىي شاگىرتىڭىز : مۇدەررىس داموللا ئابدۇلقادىر كاشغەري.

## (« شۇرا » نىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى):

بۇ ماقالە بىلەن بىرلىكتە «نەسىھەتى ئاممە»[20] ئىسمىلىك بىر رىسالە ئىدارىمىزگە تاپشۇرۇلدى. كېيىنكى سانلارنىڭ بىرىدە ئىنشائاللاھ بېسىلىدۇ). داموللا ئابدۇلقادىر

(18) شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ- (1905-1849) ئىسلامشۇناس، دىنىي ۋە جەمئىيەت ئىسلاھاتچىسى، تۈركمەن ئەۋلادى، مىسىردا تۇغۇلغان. جامىئۇل ئەزھەردا ئوقۇۋاتقاندا ئافغانىغا شاگىرت بولۇپ دىنىي ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىغا ئاتلانغان. كېيىن پارىژ ۋە بېيرۇتتا تۇرغان. 1888- يىلى مىسىرغا قايتىپ كېلىپ جامىئۇل ئەزھەردە مۇدەررىس بولغان. 1895- يىلىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت ۋەكىلى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئەزھەرنىڭ مائارىپ تۈزۈمىنى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ئىسلاھ قىلىپ نەتىجە قازانغان. 1899- يىلى مىسىرنىڭ باش مۇفتىلىقىغا تەيىنلىنىپ تالاش-تارتىشتا قالغان مەسىلىلەرگە پەتىۋا چىقارغان. 1905- يىلى 7- ئاينىڭ 11- كۈنى ئىسكەندىرىيەدە ۋاپات بولغان. جەستى قاھىرەگە يۆتكەپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغان.
(19) ئىسمائىل بەگ غاسپىرىنسكى- (1914-1851) يەنى ئىسمائىل غاسپىرالى قىرىمدا تاتار ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. موسكۋا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، فىرانسىيە(1875-1871) تۈركىيە (1877-1875) دە ئوقۇپ، فىرانسىيەدىكى لىبېرالىزمچىلار بىلەن تۈركىيەدىكى ياش تۈركچىلەر پارتىيەسىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان. رۇسىيەگە قايتقاندىن كېيىن، قىرىمدىكى باغچىسارايىنىڭ شەھەر باشلىقى بولغان (1882-1877). 1884- يىلى باغچىسارايدا «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتىپى ئېچىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە مائارىپ جەھەتتىن ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. 1883- يىلى «تەرجۇمان» گېزىتىنى نەشرى قىلىپ «بوسپوردىن كاشغەرغىچە» چۈشىنىشلىك ئورتاق تۈركىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشقان. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى « پىكىردە، تىلدا، ئىشتا بىرلىك» بولۇپ ئىتتىپاقلىششىنى تەشەببۇس قىلغان. 1906-1905- يىللىرى چاقىرىلغان ئۈچ قېتىملىق ‹پۈتۈن رۇسىيە مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى›دىمۇ رەھبەرلىك رولىنى ئوينىغان. ئۇ تۈرك-ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى ۋە پېشۋاسى .
(20) «نەسىھەتى ئاممە»، قەشقەر قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋرى، 1984- يىلى 1- سانغا قايتا بېسىلغان.

ئەپەندى «مىفتاھۇل ئەدەب لىفەھمى كەلامىل ئەرەب»[21] ھەمدە «جەۋاھىرۇلئىيقان»[22] ئىسىملىك ئەسەرلەرنىڭ ساھىبىدۇر.

«جەۋاھىرۇلئىيقان» نى تۇنجى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا مۇئەللىپنى شام ياكى مىسىر ئالىملىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدۇق، بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان بىرىسىنىڭ ئەرەب تىلىدا بۇ دەرىجىدە فەسىھ ۋە تەبىئىي قەسىدە يازالايدىغان مۇقتەدىر ئادەم بولۇشىنى خاتىرىمىزگە كەلمىگەن ئىدى.

## 4- ئىزاھ[23]:

«شۇرا»نىڭ 1915- يىللىق 23- سانىدا قەشقەرلىق داموللا ئابدۇلقادىر جانابلىرىنىڭ «بايانى ھەقىقەت» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالىسى بېسىلغانىدى. قەشقەردەك ئەڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدىن شۇنداق ئاڭلىق ۋە كۈچلۈك بىر ئالىمنىڭ چىقىپ تۇركچە مەتبۇئات ئارقىلىق ھەقىقەت ھاللىرىنى بايان قىلىشى مېنى بەك سۆيۈندۈردى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ تۇرۇشىنى تىلەيمەن. ئەمما «بايانى ھەقىقەت»كە ئازراق ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈش پايدىسىز بولمىسا كېرەك .

مۆھتەرەم مۇدەررىس دامولla ئابدۇلقادىر ئەپەندىنىڭ بايانىغا قارىغاندا: نەزەر خوجا جانابلىرى- قەشقەردە مۇسابايوفلاردەك تەرەققىيپەرۋەر بايلار ۋە ئابدۇلقادىر دامولladەك ئوچۇق پىكىرلىك ئالىملارنىڭ بارلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ «قەشقەر تەرەققىي قىلدى» دەپ ئويلايدۇ-يۇ، كەينىدىنلا بۇ پىكىرنىڭ خاتالىقىنى، يەنى قەشقەرنىڭ تەرەققىي قىلالمىغانلىقىنى چۈشىنىپ بەكمۇ ھەيران قالغان (نەزەر خوجا ئەپەندىنىڭ ماقالىسى چىققان «شۇرا» نى كۆرەلمىدىم) لىقىنى يازغان.

دامولla ئابدۇلقادىر جانابلىرى بولسا نەزەر خوجىغا جاۋاب تەرىقىسىدە قەشقەرنىڭ تەرەققىي قىلالمايۋاتقانلىقىغا مۇنداق سەۋەب كۆرسىتىدۇ: «تەرەققىي قىلىش ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك يولباشچىلار ياكى مەدەنىيەتلىك قوشنىلار بولۇشى كېرەك . بۇ ئىش ئۇلارنىڭ تەسىرلىرى نەتىجىسىدە

(21) «مىفتاھۇل ئەدەب لىفەھمى كەلامىل ئەرەب» ئەرەبچە «ئەرەب تىل- ئەدەبىياتىنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئابدۇلقادىر داموللام ئۆزى يازغان ۋە توپلىغان ئەرەبچە ئىككى جىلدلىق شېئىرلار توپلىمى. 1910- يىلى تاشكەنتتىكى غۇلامىيە مەتبەئەسىدە بېسىلغان.

(22) «جەۋاھىرۇلئىيقان» - ئەرەبچە «ھەقىقەت جەۋھەرلىرى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئابدۇقادىر دامولlamنىڭ ئەرەبچە يازغان شېئىرى ئەسىرى. 1910- يىلى تاشكەنتتىكى غۇلامىيە مەتبەئەسىدە بېسىلغان.

(23) «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916- يىلى 4- ئاينىڭ 15- كۈنىدىكى 9-8-سانىدىن.

ئەمەلگە ئېشىشى تەبىئىيدۇر. لېكىن بىزدە ئۇنداق رەھبەرلەر يوق. قوشنىلىرىمىزمۇ پۈتۈنلەي تەرەققىي تاپمىغان خەلقلەردىن ئىبارەت. پۈتۈن ئەتراپىمىز جاھالەت بىلەن ئورالغان. پەقەت غەرب تەرەپتىنلا يول ئۇچۇق بولۇپ، بىزگە شۇ يولدىنلا بۇخارائى شەرىف مەدەنىيىتىلا كەلدى» دەپ تەئەسسۇپ ئارىلاش قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

ئاندىن كېيىن سۆزنى يەنە قەشقەرگە بۇراپ، ھېلىقى ئىنچىكە، لېكىن بەك مەنىلىك قارشىلىقنى يېشىپ: بۇخارادىن قەشقەرگە كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ شەمسىيە دەرسلىرى، ئىلمىي مەبھەسلەر، ئەقائىد شەرھلىرىدەك مېڭىنى چىرىتىدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئەسكەرتىدۇ. دېمەك ، قەشقەرنىڭ ھەر تەرىپىنىڭ جاھالەت بىلەن قورشالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن تەرتىپلىك مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا ئاڭسىز موللىلار تەرەپتىن ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقى، شۇڭا مەكتەپنى تاقاپ، بۇخارا ئۇسۇلىدا كونىچە دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىززەت- ھۆرمىتىنىڭ جايىغا چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مېنىڭچە داموللا ئابدۇلقادىر ئەپەندىنىڭ بۇ سەۋەبى بۈگۈنكى كۈندە چىن مەنىدىكى سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى ھازىر قەشقەردە مەكتەپكە قارشى تۇرغۇچىلار ئازايدى. ئۇلار ئەمدى پۈتۈنلەي ئېتىباردىن قالدى. ئەمدى بۇخارا سەپسەتىلىرى بىلەن ۋاقتىنى ھارام قىلىدىغان زامان كەتتى. شۇڭا قەشقەرنىڭ مۇدەررىس ۋە مەدرىسلىرىگە قاراپ تېخىمۇ تەرتىپلىك مەكتەپ ۋە كۈچلۈك ئوقۇتقۇچىلارغا كۆپرەك ئېھتىياجى چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، داموللا ئابدۇلقادىر ئەپەندىنىڭ مەكتىپىنى تىرىلدۈرۈپ يېڭىدىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن شۇنى كۈتىمەن.

باشقىلارغا قىز بېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى مۇنداق پەردە ئاستىغا يوشۇرۇشقىلا تىرىشماي، پۈتۈنلەي يوقىتىشقا تىرىشىش كېرەك. بىراق، بەچچىۋازلىق خەۋەرلىرىنى بەك ئىشەنچلىك سانالغان كىشىلەردىن ئاڭلاپ يازغانىدىم، ئېنىقلىغىنىڭىز توغرا چىققان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئوقۇيمەن، تەشەككۇر بىلدۈرىمەن.

ئېھتىرام بىلەن: مۇھەببىڭىز نۇشىرۋان يائۇشېۋ ■

مۇھەررىرى: دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان

دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان

# مودېرنلىشىش ۋە رېئاللىق

**مۇقەددىمە**

مودېرنىزم، مودېرنلىشىش، زامانىۋىلىشىش ۋەياكى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇقۇملىرىنىڭ دۇنيا ئۇچۇر سەھنىلىرى، مەدەنىيەت مۇنبەرلىرىدە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئۇزۇن يىللار بولۇپ قالدى. بۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار بىر قىسىم ئەللەردە قېلىپلىشىپ كۆندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىلمىي ساھەنىڭ ئىستىمال مۇنبىرىدىن ئاللىبۇرۇن ئورۇن ئېلىپ بولغان بولسىمۇ، بىزدىكى مەلۇم ئىدېئولوگىيەلىك بېسىم دۇنيادىكى ئىدىيە سىستېمىلىرى ئۈستىدە ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە تەھلىل قىلىش ھوقۇقىمىزنى چەتكە قاقتى. شۇنداقتىمۇ مودېرنىزم ۋە پوست مودېرنىزم، دېگەندەك ئۇقۇملار بىز ئۈچۈن يەنىلا قىزىق تېمىلاردىن بىرى بولسا كېرەك.

تارىخ، ئۇچۇر دەۋرىنى ھالقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت پەن-تېخنىكىنى، ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەھەتتە، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئاڭنىڭ يۈكسىلىشى جەھەتتە مىسلىسىز ئۆيغىنىش ھادىسىسىنى ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە بۇ جەرياندا تەسەۋۋۇرىمىزنىكىدىن ئارتۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە كەلتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.[1] بۇلارنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. لېكىن بۇ جەرياندا ئىنسانلار قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بەزى پۇرسەتلەر، ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆتكۈزۈۋاتقان خاتالىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ ھەم شۇنداق.

ئويلىنىشىپ بېقىشىمىزغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى مودېرنلىشىشنىڭ غايىسى نېمە ئىدى؟ يەتمەكچى بولغان نىشان ۋە مەقسەتلەر ھاسىل بولدىمۇ يوق؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت بولسا كېرەك. ئالىملار، 19 – 20 - ئەسىرنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قانلىق دەۋر بولغانلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭ 21 - ئەسىر ئىنسانلىرىنى قايىل قىلالىغۇدەك بىرەر جاۋابى بارمۇ؟

(1) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 1 - باسمىسى، 365 ۋە 367 - بەتلەر.

بۇ دەۋردە بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر، ئېتنىك ياكى مىللىي گۇرۇھلار قۇرال- ياراق ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەرەققىيات كۈچىنىڭ سايىسىدا بەزى ئېتنىك، دىنى، مىللىي دۆلەتلەر ئۈستىدىكى بېسىمنى مۇستەھكەملەپ بارماقتا ۋە مۇستەملىكىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا، ئاجىز دۆلەت ياكى مىللەتلەرگە «ئاتىدارچىلىق» قىلماقتا. بەزى رايونلاردا يېڭى مۇستەملىكە ساھەسى ئېچىش ئۈچۈن «يەرلىك» خەلققە قولىدىن كېلىشچە «ياردەم» بېرىۋاتماقتا. كېلەچەكتىكى تەلەپلىرىنى ئالدىن ھەل قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىنئالا يېڭى پىكىر ئېقىملىرى شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ جەھەتتە ئەڭ جانلىق خىزمەت قىلىۋاتقىنى يەنىلا ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرۇشىدىكى تەشكىلاتلار ۋە مېدىيا ۋاستىلىرى بولماقتا. ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيا شارائىتىدا بىزگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىيەلمەيۋاتقان مىللەتلەرنىڭ كېلەچىكى نېمە بولماقچى؟ ھەممىشە باشقىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش ۋە باشقىلارنىڭ «لېكسىيە» لىرىنى ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەمدۇق؟

ئەلۋەتتە، بۇ خىل سوئاللارنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك جاۋابى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئالدى بىلەن مىڭلارچە يىللىق ئۆتمۈشىمىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ چىقىشىمىزغا ۋە بۈگۈننىڭ شارائىتىدا بىز بىلەن ۋاستىلىك ياكى ۋاستىسىز مۇناسىۋىتى بار بولغان جەمئىيەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ھالدا ئىگىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن كەلگۈسىمىز ھەققىدە تېخمۇ ئەتراپلىق ۋە بىزنى نەتىجىگە ئىگە قىلىدىغان بىر ھەرىكەت پىلانىدىن سۆز ئېچىش مۇۋاپىق بولسا كېرەك. بۇنىڭ يولى ئەتراپىمىزدىكىلەر بىلەن توسالغۇسىز مۇناسىۋەت قۇرۇشتىن باشلىنىدۇ. مۇناسىۋەت قۇرۇشنىڭ ئالدىنقى ئاملى، ئۇقۇم ۋە ئاتالغۇلاردىن شەكىللەنگەن تىلدۇر. مانا بۇ باسقۇچتا بىز ئىنسانلىق نامىمىزنى يېڭىدىن تىكلەشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى قۇرۇپ چىقالايمىز. بۇ باسقۇچتا مۇھىم بىر مەسىلە كىملىكىمىزنى، ئېھتىياجلىرىمىزنى، نىشانىمىزنى ۋە نىشانغا يېتىشتە ماڭماقچى بولغان يولىمىزنى تاللىۋېلىشىمىزنىڭ لازىملىقىدا ياتىدۇ. بىز ئولتۇرغان ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى كىم، ئەتراپىمىزدا كىملەر ئولتۇرۇپتۇ ۋە نەگە قاراپ كېتىۋاتىمىز؟ دېگەندەك سوئاللارنىڭ جاۋابى باشتىنلا ئېنىق بولۇشى كېرەك.

**1 - مودېرنلىك ۋە مودېرنلىشىش**

مودېرنلىك كوللېكتىپ ۋە ئائىلە ھاياتىدا، تەلىم-تەربىيە، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە قانۇن- تۈزۈملەرگە ئوخشاش ئاساسلىق ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ ھەممىسىدە مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. مەسىلەن: كىلاسسىك جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگە خاس كەڭ

ئائىلە قۇرۇلۇشى ئۆزگىرىپ، ئاتا - ئانا ۋە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان پەرزەنتلەردىن شەكىللەنگەن كىچىك ئائىلە تىپلىرى بارلىققا كەلدى. شەھەرلەرنىڭ سانى ۋە نوپۇسى كۆپەيدى. شەھەرلىشىش تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىدى. شەھەرلەر ئىلگىرىكىدەك باشقۇرۇش ۋە كۈچ مەركىزى بولۇشتىن ئايرىلىپ، سانائەت ۋە تىجارەتنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئادەتتە ئائىلە ئەزالىرىنى مەركەز قىلغان كىچىك ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىلىرى ئورنىنى چوڭ تىپتىكى تېز سۈرئەتلىك فابرىكا مەركەزلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىدا مۇھىم ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. لېكىن بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھېچبىرى باشقا ساھەلەردە مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەردىن مۇستەقىل ھالدا ۋۇجۇدقا چىقمىدى. مەسىلەن، كىچىك ئائىلىلەرنىڭ شەكىللىنىشى، شەھەرلىشىش، شەھەرلىشىشنىڭ تېزلىشىشى قاتارلىقلار، فابرىكا ئىشلەپچىقىرىشىغا يەنى كاپىتالىزم ۋە سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن مودېرنلىق، يالغۇز بىر كۈچنىڭلا ئۆزگىرىش دىنامىكىسى ئەتراپىدا ئىزاھلىغىلى بولمايدىغان كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. بۇ سەۋەبتىن مودېرنلىقنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى بىلىش، مودېرنلىكنى شەكىللەندۈرگەن باسقۇچ ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئامىللارنى بىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.[2]

ئۇنداق بولسا، مودېرنلىك دېگەن نېمە ؟ مودېرن دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنبەسى لاتىن تىلىدىكى «modo» كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن «modernus» ۋە «hodiernus» كەلىمىسىدىن كېلىپ چىققان. لۇغەت مەنىسى پىكىر جەھەتتىكى ئوچۇقلۇق، ئەركىنلىك، تاشقى كۈچلەردىن  قۇتۇلۇش، ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان پىكىرلەر ھەققىدىكى مەلۇمات، دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلمەكتە. مودېرنلىك ئۇقۇمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش تارىخى مىلادىيەنىڭ 5- ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. ئوتتۇرىغا چىقىش غايىسى بولسا، خىرىستىيانلىقنى بۇتپەرەسلىكتىن ئايرىش ئىدى. يەنى بۇ دەۋردە مودېرنلىك: بۇتپەرەسلىكنى تاشلاش، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش، ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ ئاخىرقى دىن بولغان خىرىستىيانلىققا ئۆتۈشنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. خىرىستىيان ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە بولسا، زامان ۋە ئەنئەنە جەھەتتىن «ئۇلۇغ» بولمىغان ھەر شەيئىنى يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. كەلىمىنىڭ زامانىۋى مەنىدىكى ئىشلىتىلىشى رېنسانس[3]

(2) ئالى سەزگىن، سوسيولوجىيە گىرىش، نەشر قىلىنمىغان لېكسىيە، 2 - بەت.

(3) سۆزلۈك مەنىسى «گۈللىنىش» دەپ كۆرسىتىلگەن بۇ كەلىمە، ئۆزەل ئىسىم سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەندە ، 15 - ۋە 16 -

بىلەن بىللە ئومۇملاشقان.[4]

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مودېرنلىك كونىلىقتىن ئايرىلىش، ئىلگىرىكىدىن پەرقلىق بولۇش، ۋە يېڭى بولۇشنى تەرغىب قىلاتتى. قىسقىچە مودېرن بولۇش، ئۆتمۈشتىن پەرقلىق بولۇش، ئۆتمۈشنى چۆرۈۋېتىش ۋە يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىش بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. مودېرنلىككە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئۇقۇم يۇقىرىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئېستېمال جەھەتتىن تارىخ بويىچە مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەشتە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن بىر ئۇقۇم بولۇپ قالدى. دەرۋەقە مودېرنلىك ئۇقۇمىنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى بەك كونا بولىسمۇ، دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە ئاساسەن 17 - ئەسىردە ياۋروپادا باشلانغان ۋە كېيىنچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى تەسىرى ئاستىغا ئالغان ئىجتىمائىي ھايات ۋە قۇتۇپلىشىش شەكىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشقا باشلىغان.[5]

مودېرنلىشىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھايات شەكلى بىلەن بىللە بارلىق قەدىمىي ئىجتىمائىي تۈزۈم تۈرلىرىدىن ئۈزۈل-كېسىل ئايرىلىش بارلىققا كەلدى. مەۋجۇت شارائىتتا ياۋروپالىقلارنى تەلتۆكۈس شۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەزكۇر ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىنى ئۇلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسىدا، دۇنيانى بىلىش شەكىللىرىدە، قانۇن- تۈزۈم قۇرۇلۇشلىرىدا، ئىقتىسادىي تەشكىلات مودېللىرىدا، تەلىم - تەربىيە ئۇقۇمى ۋە پەن- تېخنىكا قاتارلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈشكە بولىدۇ.

مودېرنلىكنى تۇرغۇن بىر ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىگە قارشى تۇرىدىغان، يېڭىلىنىش ۋە زامانىۋىلىششنى تەكىتلەيدىغان يېڭى بىر دەۋر ۋە يېڭى بىر باسقۇچ دەپ تونۇشتۇرىدىغانلارمۇ بار. بۇ باسقۇچتا ئۆرپ - ئادەت قائىدىلىرىنى ئاساس قىلىدىغان ھايات شەكىللىرى پۈتۈنلەي رەت قىلىنىدۇ. مانا بۇ خىل كۆزقاراش نەتىجىسىدە ئاقارتىش، سانائەتلىشىش، كاپىتالىزم، شەھەرلىشىش، ئىلمانىيلىشىش، ئىلمىيلىك ۋە دېموكراتىيە قاتارلىقلار ئەتراپىدا شەكىللەنگەن يېڭى جەمئىيەت مودېللىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ مەنىدە مودېرنلىكنى يېڭى بىر دەۋرنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە يېڭى بىر دەۋرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، دەپ تونۇشتۇرۇش مۇمكىن.

ئەسىرلەردە ئالدى بىلەن ئىتالىيەدە باشلانغان كېيىنچە باشقا ياۋرۇپا دۆلەتلىرىگە تارقالغان ئەدەبىيات، سەنئەت، پەلسەپە ۋە بىلىم ساھەسىدىكى تەرەققىياتلار يېڭىلىقلار ۋە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى يېڭىدىن تۇغۇلۇش ۋە يېڭىدىن تىرىلىش دەپمۇ ئاتايمىز.

(4) ئاھمەت جەۋىزجى، فەلسەفە سۆزلۈگى، ئىستانبۇل 2010 - يىللى 7 - نەشرى، 1008 - بەت.

(5) مەتىن چۇلھائوغلۇ، «مودېرنىلەشمە، باتېلىلاشما ۋە تۈرك سولۇ»، مودېرن تۈركىيەدە سىياسى دۈشۈنجە، 3 - جىلد، ئىستانبۇل 2009 - يىلى 5 - باسما، 170 - بەت.

مودېرنلىك پەقەت ئۆزگىرىش ۋە يېڭى ھادىسىلەر تىزمىسىدىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئەقلىي، ئىلمىي، تېخنىك ۋە ئىدارىي پائالىيەت مەھسۇللىرىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىشىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇچۇن مودېرنلىك ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ساھەلىرىنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بارغان يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بۇ تەرىپى سىياسەت، ئىقتىساد، ئائىلە ھاياتى، دىن ۋە خۇسۇسەن سەنئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، 21 - ئەسىرگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە، مەزكۇر ئۆزگىرىشلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش سەۋىيەدە ئۇچراتمايمىز.

مودېرنلىك، جەمئىيەتنىڭ مەركىزىگە دىن ئورنىغا بىلىمنى قويۇش ئارقىلىق دىنىي پائالىيەتلەرگە پەقەت خۇسۇسىي ھايات ئىچىدىلا ئورۇن بەرمەكتە. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مودېرنلىك ئەقلىيلەشتۈرۈش (راسيونالىزم) بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مودېرنىزمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبلىرى ۋە دەسلەپكى پائالىيەت ساھەسى ياۋروپا قىتئەسى ئىدى. بۇ بەكمۇ نورمال بىر ھادىسە. چۈنكى ياۋروپادا يۈز يىللار بويىچە چېركاۋ ۋە پوپلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلمى سەۋر قىلغىلى بولمايدىغان بىر باسقۇچقا يەتكەن ئىدى. ئىلىم - پەن چەتكە قېقىلغان، بۇ ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغۇچى بەزى ئالىملار ئۆلتۈرۈلگەن. ئەقىلنىڭ رولى تامامەن كېرەكسىزلەشتۈرۈلگەنىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپانىڭ بەزى يەرلىرىدە ئېنگىزىسيون مەھكىمىلىرى ئىسمى بىلەن مەشھۇر مەھكىمىلەر قۇرۇلغان، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان بۇ مەھكىمىلەر كاتولىك مەزھىپىگە قارشى ھەرىكەت قىلغانلارنىلا ئەمەس، پوپلار بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا بولمىغان ھەرقانداق كىشىنى جازالاشنى پىرىنسىپ قىلاتتى. بۇ مەھكىمىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى 1183 - يىلى ئىتالىيەدە قۇرۇلغان. پوپلار ناھايىتى ئېغىر جازالار بېرىدىغان بۇ ئورگاننى ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىرىنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ قورقۇنچ ئورگانلاردىن بىرى بولۇپ قالغان.

خۇسۇسەن خرىستىيانلىقتا يېڭىلىق تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى بۇ مەھكىمىنىڭ قىيىن - قىستاقلىرى رەھىمسىزلىكتە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئەقەللىيسى چېركاۋنىڭ كائىنات ۋە دۇنيا ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ خاتالىقىنى تىلغا ئالغانلار مەزكۇر مەھكىمىلەر تەرىپىدىن سوتلىنىپ ئېغىر جازاغا دۇچار قىلىنغان. گىوردانو برۇنو (Giordano Bruno) ئىسىملىك ئىتالىيان، دۇنيانىڭ كائىناتنىڭ مەركىزىدە ئەمەسلىكىنى، باشقا پلانېتلارنىڭمۇ بارلىقىنى ۋە كائىناتنىڭ ئەبەدىيلىكىنى ئوتتۇرىغا

قويغانلىقى ئۈچۈن 7 يىل تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1600 - يىلى تىرىك كۆيدۈرۈش ئارقىلىق جازالاندۇرۇلغان. گاللىلى بولسا، دۇنيانىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئۆيىدە نەزەربەند ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان. چۈنكى گۇناھىغا توۋا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمىگەن. مۇشۇ شەكىلدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى 8 يىلىنى ئۆيىدىن تالاغا چىقماي ئۆتكۈزگەن.

خىرىستىيان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپىگە مەنسۇپ بولمىغانلار، يەھۇدىي، مۇسۇلمان ۋە باشقا دىنى ئېتىقادتىكى ئىنسانلارغا چىدىغۇسىز دەرىجىدە زۇلۇم سالغان. زۇلۇمغا چىدىمىغان 200 مىڭ يەھۇدىي 1492 - يىلى ئىسپانىيەنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. مەھكىمىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىدىن باشقا ھەرقانداق بىر قاراشقا رۇخسەت قىلمىدى. دەسلەپكى 5 ئېنگىزىسيونچى پاپا (Thomas de Torquemada) نىڭ 2 مىڭ كىشىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكى مەلۇم. 1808 - يىلىغا قەدەر ئىسپانىيەدە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى 31 مىڭ 912 كىشىگە يەتكەن. بۇ جەرياندا 24 مىڭ مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلگەن. ئاساسەن ئىسپانىيە ۋە ئىتالىيەدە كۆپ تارقالغان بۇ مەھكىمىلەر دەسلەپتە ئىسپانىيەدە بىرىنچى ناپالېئون تەرىپىدىن 1807 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە 1834 - يىلىغا كەلگەندە ياۋروپا قىتئەسىدە پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالغان.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر جەمئىيەتكە، خۇسۇسەن مۇشۇنداق بىر «دىنىي» تۈزۈمگە قارشى چىقىش نورمال ھادىسە بولسا كېرەك. شۇنداقلا مۇشۇنداق بىر زېمىندا بىخلانغان ئەقىلچىلىك ئۆزلۈكىدىن زورۇر دەپ قارالغان بىر مودېرنلىشىش كۈچىگە ئايلىنىپ، «ئەقىلگە ماس» بىر ھايات شەكلىنى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تەتبىقلىشىنى تەلەپ قىلدى. مودېرنلىكنىڭ تۈپ ماھىيىتى دىنسىزلىق ۋە ئۆرپىيلىككە ئىگە تۈرمۇش شەكلىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بارلىق مەۋجۇداتقا ئەقىلنىڭ كۈچى ئارقىلىق باھا بېرىشنى ئاساسى پرىنسىپ قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

غەرب ئەللىرىدە ئاكتىپ تەپەككۇر ۋە ئەركىن ئىلمى مۇھاكىمە مۇھىتىغا يېڭى ئېرىشكەن ئەقىل، بارلىق پائالىيەتنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلىنىش بىلەن بىللە ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا تېزلىكتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان، ئىلگىرى ئۆرپ- ئادەت ۋە دىنىي پرىنسىپلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش، راسيونال ھالدا يېڭىدىن شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ سەۋەبتىن ‹مودېرنلىك› ماكس ۋېبېر (Max Weber) تەرىپىدىن «دۇنياۋىيلىشىش» ۋە «دۇنيا ئەپسۇنىنىڭ بۇزۇلۇشى» دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ ئۇقۇم، ئىنسانلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، سىرلىق ھادىسىلەر، ئەپسانىلەر ياكى ئېتىقادىي قاراشلاردىن ئەمەس،

ئىنسان ئەقلى ۋە ئىلىم - پەن قوبۇل قىلىدىغان نۇقتىدىن ھەرىكەت قىلىشنى تەقەززا قىلغان.

غەرب جەمئىيىتىدىكى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىش دەپ كۆرسىتىلگەن مودېرنلىششنىڭ بەزى مودېللىرى شەرق ئىسلام دۇنياسىدىكى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىشتىن پەرقلىق قىممەتلەر ئىگە. مەسىلەن، بىر ئائىلىدە ئايال كىشىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش شوئارى بىلەن ئانىلىق ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش شەرق ئىسلام ئەللىرىگە ماس كەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە بىر ناھەقچىلىك بولسا بۇ ئەھۋال ئادىل بىر شەكىلدە ھەل قىلىنىشى لازىم. بۇ يەردە ناھەقچىلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئايال ياكى ئەر بولۇشى مۇھىم ئەمەس. مىڭ يىللار بويىچە شەكىللەنگەن ۋە ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بەزى ئەنئەنە، كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت مەھسۇللىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىش، بىر مىللەتنى تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچۈرۈۋېتىش دېمەكتۇر. چۈنكى مودېرنىزم دۇنيا قارىشىدا ھېچقانداق نەرسە باقى ئەمەس، ھەمىشە يېڭى نەرسىلەر تەلەپ قىلىنىدۇ، كونىسى رەت قىلىنىدۇ. شەخسنىڭ ئىگىلىكىدىكى ھەممە نەرسە تەھدىت ئاستىدا بولىدۇ. مودېرنىزم ئارقىلىق بۇلار مەنىسىزلەشتۈرۈلىدۇ. ئەقىل، مەنتىق (لوگىكا)، ماتېماتىك ۋە راسيوناللىق قوراللىرى بارلىق ئىنسانىي تۇيغۇلارنى ۋە ئاڭلارنى يوققا چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق باشقىلاردىن پەرقلىق نۇقتىدا يەر ئالىدۇ. [6] ئەمما ئىسلام جۇغراپىيەسىدە ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە بىر مەنىسى بار.

مودېرنلىشىش تەلەپلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى ئۆتمۈشىدىن نومۇس قىلىدىغان ۋە ئۆزىنى باشقىلار ئالدىدا تۆۋەن كۆرىدىغان، روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشكەن، باشقىلارنىڭ يولباشچىلىقىغا موھتاج ئىنسان تىپلىرى يارىتىش ئارقىلىق، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ باشقىلار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش پىلانىغا خىزمەت قىلدۇرىدىغان ئامىل. ئۇ، ھەر شەيئىنى ماددىغا باغلايدۇ، ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. دۇنيادا بەختلىك بولۇشنىڭ يېگانە يولىنى ئىقتىسادىي قىممەت بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئىنساننىڭ پسىخىكىلىق، فىلولوگىيەلىك، بىئولوگىيىلىك ۋە فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە تەھلىل قىلمايدۇ.

بىر خىل قوشۇۋېلىش، ئۆزلەشتۈرۈۋېتىش ياكى ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدىغان غەرب ئەللىرىدىن ھالقىغان دۇنياۋىي كاپىتالىستىك ئىقتىسادقا

(6) نىلۇفەر تالۇ، «مودېرنلىك سۆيلەمى: ئەندىشەلى باقىشلاردا مودېرن بىرەي»، ئوتتۇرا شەرق پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىناكارلىق فاكولتېتى ئىلمى ژۇرنىلى، 2010 - يىلى، 1 - سان، 144 - بەت.

قوشۇلۇش باسقۇچى، ئىجتىمائىي ئۆتۈشۈش باسقۇچى، مەۋجۇت تارىخى شارائىتلاردىن ئەڭ ئاز پايدىلانماقتا ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى بەرپاچىسى بولغان غەربنىڭ ھاكىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. شۇنداقلا ياۋروپا ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ مەدەنىي ۋە سىمۋوللۇق يۆزلىنىشلىرىگە ئۇيغۇن نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا قويماقتا.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا پەقەت «مەۋجۇت » نىلا ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا «بولۇشى كېرەك» بولغىنىنىمۇ تەسۋىرلەيدىغان سوتسىئولوگىيەلىك جەھەتتىكى مودېرنلىشىش، پۈتۈنلۈكچى دۇنيا قارىشى ياكى «مەۋجۇداتنىڭ مۇتلەق شەكلى» گە ئائىت بىر مۇددىئا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن مودېرنلىشىش ھەققىدىكى مۇنازىرە بىزنى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ دىنامىكلىرىدىن ھالقىپ، ۋاقىتلىق ئىدارى قارارلاردىن زىيادە ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان قىممەت – قاراش ۋە مۇئەييەن مەنىلەرگە ئىگە قىلىشى لازىم.(7)

ئادەتتە مودېرنلىشىش ياكى مودېرنلەشتۈرۈشتە نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋاتقان بىر مەسىلە، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە كۈلتۈرلىرىنىڭ پەقەت ماكان ئىچىدىلا ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا زامان ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى مەسىلىسىدۇر. چۈنكى بىر كۈلتۈرنىڭ شەكىللىنىشىدە ماكان ئاملى مۇھىم رول ئوينىغاندەك، كۈلتۈرنىڭ تارىخى دەۋرلەر ئىچىدىكى بېسىپ ئۆتكەن قەدەم باسقۇچلىرىدىمۇ ئوخشاسىماسلىقلارنىڭ يۈزبېرىشى مۇھەققەق. شۇنداقلا بىر كۈلتۈرنىڭ پەرقلىق جۇغراپىيىلىك رايۇندىكى ۋە پەرقلىق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدىكى تەسەۋۋۇر شەكىللىرىمۇ پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئوخشاش بولمىغان كۈلتۈرلەردە، ئۇنىڭ تارىخىنىڭ پەرقلىق بىر ئەھمىيىتى بارلىقى ۋە پەرقلىق قۇرۇلملارغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. غەرب مەدەنىيىتى دائىرىسىدە تارىخچىلار تەرىپىدىن ئۆتمۈشنى، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىش دەۋرى، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە مودېرن دەۋرى دېگەندەك قىسىملارغا ئايرىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. لېكىن بۇ خىل دەۋرگە ئايرىش ھادىسىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە بىر كىشىنىڭ ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزۇن تەپسىلاتلىرى ئارىسىدىن ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە ئۇدۇل كېلىدىغان بىر دەۋرنى ئىزدىشى بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسرىنىڭ ئەڭ زۇلمەتلىك

(7) پەرۋەز مانزور، «مودېرنىسىز مودېرنلەشمە: مۇسۇلمان سىياسى گۆرۈشۈنۈن باشارىسىزلىغى»، مودېرنلەشمە، ئىسلام دۇنياسى ۋە تۈركىيە، ئەنسار نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2000 - يىلى، 148 – 149 - بەت.

تارىخى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەرەپ بىلەن نۇر چېچىشقا باشلىغان كىلاسسىك دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.[8]

مودېرن دۇنيادا دىنىنىڭ تەبىئىتىنى بىلمەكچى بولساق، بۇ بىزنى ئۇقۇم جەھەتتىن قەيەرگە ئېلىپ بارىدۇ؟ مېنىڭچە بولغاندا بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىلەر تېخى ئەمدى باشلىنىدۇ. بىز ھەممىدىن ئاۋال دىنغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.[9] چۈنكى، ماددىي تويماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار، روھى دۇنياسىنى قارا تۇمانلار قاپلىغان، «مەن» چىلىكنىڭ ئەڭ ئۈستۈن نۇقتىسىدا ئۈمىدسىز بىر ھالدا نامەلۇم بىر تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان شەخس ياكى جەمئىيەتلەرنى دىنىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئاز بىلەنمۇ بەختلىك ياشىيالايدىغان، ئالىيجاناب كىشىلىككە ئىگە ، قانۇن كۈچى بىلەن ئەمەس پاك ۋىجدانى بىلەن ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە ھەقىقەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۆنۈك ۋە باشقىلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش روھىغا ئىگە بىر جەمئىيەت ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنى بىر خىل بەدەلسىز كۈچ مەنبەسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

ئەسلىدە زامانىۋىلاشتۇرۇش، زامانىۋىلىشىش، زامانغا ماسلىشىش دەپمۇ تەرىپلەشكە بولىدىغان مودېرنلىششنى، دەۋرىمىزنىڭ ئىنسانىيەتكە بەخشەندە قىلغان ماددىي ياكى مەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ شارائىت ۋە ئېھتىياجلىرىغا ماس كېلىدىغانلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇلارنى ئاكتىپ ھالدا ئىشلىتىش، پايدىلىنىش سەنئىتى ۋە قابىلىيىتى، دەپ تونۇغاندا بىر قەدەر توغرا يول تۇتقان بولىمىز. زامانىۋى بولۇش، زامانغا ھاكىم بولۇش، ئۆز تامغىڭىزنى ۋە ھەسسىڭىزنى ياشاۋاتقان دەۋرگە بېسىش ئۈچۈن ھەر ساھەدە ئويۇننى قائىدىسى بويىچە ئويناش دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. ئۇ، ئىنسان ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ سىرتىدىكى مۇھىتنى پەرق ئېتىشىدۇر. بۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا زامانىۋىلىشىش بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدا زىتلىق يوقتۇر.[10]

ئەسلىدە غەربلىك بولمىغان جەمئىيەتلەرگە كەڭ كۆلەمدە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ «نېمەت» لىرى مۇستەملىكە قىلغۇچىلار ۋە ئىمپېرىيالىست كۈچلەر تەرىپىدىن ياكى شۇلار ئارقىلىق كەلگەن. بۇ سەۋەبتىن مودېرنلىشىش بۈگۈنكى دەۋردە غەربنىڭ ئەسكىرىي،

(8) فرەد دالمايېر، «گىلوبال مودېرنلەشمە: فارقلى مودېرنىتىلەرە دوغرۇمۇ؟»، مودېرنلەشمە، ئىسلام دۇنياسى ۋە تۈركىيە، ئەنسار نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2000 - يىلى، 33 - 34 - بەتلەر.
(9) گرېس داۋئە، «دىن ۋە مودېرنىتە: باتېلى بىر باقىش»، مودېرنلەشمە، ئىسلام دۇنياسى ۋە تۈركىيە، ئەنسار نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2000 - يىلى، 102، 103 - بەت.
(10) تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئۈچۈن مۇستافا ئەركال، «سوسيولوجى»، ئىستانبۇل 1998 - يىلى، 9 - باسمىسى، 47 - بەتكە قاراڭ.

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى خوجا بولۇش ياكى زومىگەرلىك كۈچى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغان. بۇنى ئاسىيا قىتئەسىدىكى بەزى چوڭ دۆلەتلەر ئۈچۈنمۇ ئىپتىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غەربلىكلەر ياكى باشقا مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر بازارغا سالغان زامانىۋىلاشتۇرۇش ياكى زامانىۋىلىشىش پىكرىگە نۇرغۇنلىغان جەمئىيەتلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېقىنلاشماقتا. [11] دەرۋەقە تۈركىيەدىن باشقا نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان رايونلىرىدا مودېرنىزم ياكى زامانىۋىلىشىش بىلەن ئۇچرىشىش مۇستەملىكىچىلەر، كاپىتالىستلار ۋە شۇنىڭدەك يات ئەللەرنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلىيلەشكەن. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زامانىۋىلىشىش يولىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەممە نەرسە، يات ئەللەرنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىشىنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلمەكتە ئىدى. زامانىۋىلىشىش يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سىستېمىنىڭ يىقىلىشىنى تەقەززا قىلماقتا ئىدى. بۇ سەۋەبتىن زامانىۋىلىشىش، كۆپلىگەن رايوندا ھېچقاچان كۆڭۈللۈك تاللاش تېمىسى بولمىدى، زامانىۋىلىشىش «باشقىلار» نىڭ كۈچ كۆرسىتىشى ئاساسىدا مەجبۇرى ماسلىشىش ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پراگماتىك (ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان) ھالدا ئۆزىنى ماسلاشتۇرۇش ئەمەس، مەجبۇرى بويۇن ئېگىش ئىدى. زامانىۋىلىشىشقا ماسلىشىش ياكى زامانىۋىلىشىش يولىغا كىرىش، ئەسلىدە ئەنئەنىۋى مەۋجۇتلۇقنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلمىغاندەك راست، ھەقىقىي، ئىشەنچلىك «مەن» نىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخ ئۇقۇملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى تەقەززا قىلمايتتى.

مودېرنىلىشىش ياكى زامانىۋىلىشىش مەجبۇرىيىتى يات ئەللەر بىلەن كەمسىتىش خاراكتېرلىك ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە مەجبۇرى ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە بەزى كىشى ياكى جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆز- ئۆزىدىن ھېساب سورىشىغا تۈرتكە بولغان. بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مودېرنىلىشىشقا توغرا پوزىتسىيە بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئورۇنغا ئىگە بولۇش مەسىلىسى، ئاساسلىق زىددىيەتلەر ۋە ئىلگىرىكى ئارزۇلار تەرىپىدىن بوغۇپ تاشلانغان.

پۈتۈن بۇ ئەھۋاللار مودېرنىلىشىش تالاش - تارتىشلىرىنى سىياسىي دۇنيادا ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە مۇزاكىرە يولى ئىزدەشتىن زىيادە مۇتلەق بېقىندۇرۇش ۋە كەڭ كۆلەملىك چىقىش يولى ئىزدەيدىغان رىقابەتلىشىش مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ يەردىكى تالاش - تارتىشلار پۈتۈنلەي مەنىسىزلىككە ئايلىنىپ قالمىسىمۇ نەتىجىسىز

(11) فرەد دالمايىر، «گىلوبال مودېرنلەشمە: فارقلى مودېرنىتىلەرە دوغرۇمۇ؟»، 34 - بەت.

قېلىشى ھەيران قالارلىق بىر ھادىسە ئەمەس. چۈنكى تالاش - تارتىشلار پىكىر جەھەتتىن باشقىلارنىڭ كۆزقاراشلىرىغىمۇ ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدىغان ۋە يۇقىرى تۆۋەن مۇناسىۋەتنى مەنتىقىسىگە بويۇن ئەگمەيدىغان دۇنياۋىلاشقان، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئىسلام، مودېرنلىشىش، راست، ھەقىقىي، ئىشەنچلىك بولۇش ۋە ئۈمىدۋارلىق، ئەنئەنە ۋە مودا شەكىللىرى ئارا مۇۋازىنەت ئورناتتى. پىكىر جەھەتتىكى تۇيۇقلۇقنىڭ ئەڭ ئاشكارا ۋە ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، زامانىۋىلىشىش ياكى مودېرنلىشىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ھەۋىسىگە باغلىق مەغلۇبىيەت، ئەينى ۋاقىتتا مودېرنىزمچىلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە باشقا پرىنسىپ جەھەتتىكى تەلىماتلىرىنى مەزمۇنلۇق، شۇنداقلا ئۆزئارا زىت بولمىغان توغرا مەلۇماتنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئاجىزلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.(12)

## 2 - مودېرنلىك، مودېرنىزم

بۇ يەردە مۇھىم بىر مەسىلىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . مودېرنلىك، مودېرنىزم ئۇقۇملىرىنى بىر - بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشتا ھەر ئۇقۇمنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىش ناھايىتى مۇھىم. ئەكسىچە بولغاندا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەسىلىلىرىنى چۈشىنىشتە بەزى خاتالىقلار تۇغۇلۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە مودېرنىزم بىلەن مودېرنلىك ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مودېرنىزم مودېرنلىشىش ساھەسىنىڭ شەكىللىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان پارچىلار يىغىندىسىنى كۆرسەتسە، مودېرنلىشىش مەزكۇر پارچىلارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئوبيېكتىپ كۆرۈنۈشلەردۇر.

مودېرنىزم ئادەتتە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋردە، بولۇپمۇ سانائەت ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن تەرەققىياتلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بىر ئۇقۇمدۇر. يەنى مودېرنلىك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسەت ۋە كۈلتۈر ساھەسىدىكى كۆپ تەرەپلىملىك ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئۇقۇم بولسا، مودېرنىزم، ھەر دائىم ئېستېتىك، پەن - تېخنىكا ۋە سەنئەتنى ئاساس قىلغان بىر تەرەققىيات تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مودېرنىزم مودېرنىتەنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغان ئېستېتىك ياكى سەنئەت ساھەسى ئىچىدە تەتقىق قىلىنىشى لازىم.

مودېرنلىكنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدىغان بولساق، ئەسلىدە ئۇنىڭ

(12) پەرۋەز مانزور، «مودېرنىسىز مودېرنلەشمە: مۇسۇلمان سىياسى گۆرۈشۈنۈن باشارىسىزلىغى»، مودېرنلەشمە، ئىسلام دۇنياسى ۋە تۈركىيە، ئەنسار نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2000 - يىلى، 148 – 150 - بەت.

ئوتتۇرىغا چىقىش تارىخى ھەققىدە مۇجمەللىك مەۋجۇت. بەزى تەتقىقاتچىلار مودېرنلىقنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئامېرىكىنىڭ بايقىلىشى، رېنسانس ۋە يېڭىلىنىش ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، مودېرنلىقنىڭ ئىتالىيەدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئالغا سۈرمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا مودېرنلىقنىڭ 16-17 ـ ئەسىرلەردە شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئوچۇق شەكىل ھاسىل قىلغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنماقتا.

شۇنىسى روشەنكى، مودېرنلىشىش نەزەرىيەسى ئامېرىكا دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. سوۋېت سوتسىيالىستىك ھۆكۈمىتىمۇ بۇ باسقۇچنىڭ بىر ئايغىنى شەكىللەندۈردى. لېكىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى خوجا بولۇش ۋە زومىگەرلىكنىڭ زىت قۇتۇپىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئامېرىكانىڭ خوجا بولۇش پىلانىنىڭ بىر خىل مەھسۇلاتى ئىدى. يىلتىزى ناھايىتى ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تۇتىشىدىغان، ئەمما 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن دۇنيادا راۋاج تاپقان تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى رۇسىيەنى سامان يالقۇنىدەك قىسقىغىنا بىر مۇددەت پارقىرايتتى. بۇلارمۇ ئەنئەنىدىن مودېرنلىققا ئۆتۈشنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتماقتا ئىدى. توننىئېسنىڭ (Tonnies) جامائەت \ جەمئىيەت، دۇرخېيمنىڭ (Durkheim) مېخانىك \ ئورگانىك ھەمكارلىق، سپېنسېرنىڭ (Spencer) ئەسكىرى \ سانائەتلەشكەن جەمئىيەت پىرىنسىپلىرى بىلەن كومتېنىڭ (Comte) تېئولوگىيەلىك \ مېتافىزىكىلىق \ پوزىتىۋىزملىق دەۋردىن ئىبارەت ئۈچ پۇتلۇق نەزەرىيەسى قاتارلىق خىياللار مودېرنلىشىش نەزەرىيەشۇناسلىرىنىڭ ئىلھام مەنبەلىرى ھېسابلىناتتى.

بۇ يەردە مودېرنلىشىش تەرەپدارلىرى ئۈچۈن ئۈمىد بارمۇ؟ دېگەن سوئالنى سوراشقا توغرا كېلىدۇ. لەۋنىڭ كۆزقارىشىدا بۇلارنىڭ ھەم پايدىلىق، ھەمدە زىيانلىق تەرەپلىرى بار ئىدى. پايدىلىرى، كېيىن تەرەققىي قىلغان بولۇشلىرى ئىدى. نەگە كېتىۋاتقانلىقلىرىنى بىلەتتى. مودېرنلىشىش ئۈچۈن كېرەكلىك پىلان، سەرمايە جۇغلانمىسى، قابىلىيەت ۋە تەشكىللىنىش مودېللىرىنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن «ئىقتىساد سەرپ قىلماي ئۆتنە ئېلىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى» بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مودېرنلىشىش باسقۇچىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە لازىم بولمايدىغان بەزى قەدەم باسقۇچلىرىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولاتتى. بۇنىڭ سىرتىدا ئالدىدا مېڭىۋاتقانلارنىڭ ياردىمىنىمۇ ئۇنتۇماسلىق لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئەھۋال بولسا، كېچىككۈچىلەرنىڭ ھەجىم مەسىلىسى بار ئىدى. بەزى قەدەم باسقۇچلارنى چوڭ ھەجىمدە باشلاش كېرەك ئىدى. مەنبەلىرىنى، خام ئەشيانى، قابىلىيەتلىرىنى

بىرىنچى قەدەمدىلا باشقىلارغا يەتكۈزۈش مەجبۇرىيەتلىرى بار ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى سوتسىيالىستىك سىستېما، خىيال پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋاتاتتى. بەزىدە قانچىلىك غەيرەت قىلسا، شۇنچىلىك ئارقىدا قېلىۋاتاتتى.[13] نەتىجە، ئارقىغا يىغىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان ئەخلەت ۋە خارابىلەرنى تاشلاپ كەتكەن ناھايىتى چوڭ بىر نۆلدىن ئىبارەت بولدى. قىسقىسى سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي بەخت نەزەرىيەسى، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى يۈز يىل ئارقىغا چېكىندۈرگەن بىر قارا پەردە سۈپىتىدە تارىخقا يېزىلدى.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا چوڭ كەشپىياتلار، ئاقارتىش پەلسەپىسى، سانائەتلىشىش، دېموكراتىيىلىشىش، شەھەرلىشىش، مىللىي دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كاپىتالىزمغا ئوخشاش ھادىسىلەر مودېرنلىك ئۈزۈۋالغان مەنبەلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنبەلەردىن بەزىلىرى مودېرنلىكنىڭ شەكلىي ۋە تەشكىلىي تەرىپىنى شەكىللەندۈرسە، ئاقارتىش، پەلسەپىسى مودېرنلىكنىڭ سىياسىي، كۈلتۈر ۋە ئىلمى ئاساسلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتىن مۇھىم بىر مەنبە دەپ قارالماقتا.

مودېرنلىشىش دۇنياۋى كۆچلەرنىڭ تەسىر كۈچى ئاستىدا ئەمەلىيلىشىشى مۇمكىن ۋە بۇ سەۋەبتىن مىللىي قانۇن - تۈزۈم ئورگانلىرى ۋەياكى بۇنىڭ سىرتىدا شەكىللىنىشى مۇمكىن. پەقەت مودېرنىزم مودېرنلىشىشنىڭ كۈلتۈرەل شارائىتىغا ئەخلاقىي ۋە پىكرىي قارشىلىق سۈپىتىدە ئاساسلىرى يەرلىك تارىخ ۋە ئەنئەنە ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم. مودېرنلىشىش دۇنياۋىلىشىش تەرەپدارى بولسىمۇ، زامانىۋىلىشىش مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

زامانىمىزدا تەرەققىي قىلمىغان ئەللەردىن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا كۆچۈش دولقۇنى ئەۋجىگە چىقىۋاتماقتا. بۇ، تارىخ ئۈچۈن ناتونۇش ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى 1600 - يىللاردا ئىسپانىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىقتىسادى ۋە سىياسىي كرىزىس، ياۋروپالىقلارنىڭ دېڭىز ئاتلاپ ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەرگە كۆچۈشكە سەۋەب بولغان. ھۆكۈمەتلەر مەۋجۇدىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئامېرىكا، ئافرىقا ۋە ئاسىيا قىتئەسىنى مۇستەملىكە بازىسىغا ئايلاندۇرغان. 1650 - يىللاردىن ئېتىبارەن ئامېرىكا قىتئەسىدە شىمالى ئامېرىكا، برازىلىيە، مېكسىكا، پېرۇ، ئېكۋاتور ۋە كارىب دېڭىزى رايونىدا گوللاندىيەلىكلەر، دانىيەلىكلەر، ئىنگلىزلار، ئىسپانىيەلىكلەر ۋە پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ

(13) مۇستافا ئۆزەل، «توركىيەنىڭ ئىقتىسادى مودرنلەشمەسى»، مودېرنلەشمە، ئىسلام دۇنياسى ۋە تۈركىيە، ئەنسار نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2000 - يىلى،309 ۋە 311 - بەت.

مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان. 1650 – 1713 - يىللىرى ئارىسىدا ئافرىقىدىن قۇل يۆتكەش تىجارىتى ياۋروپالىقلار ئۈچۈن مۇستەقىل كەسىپكە ئايلانغان. ئىنگلىزلار تەرىپىدىن ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئافرىقىلىق قارا تەنلىك ئامېرىكىغا يۆتكەپ بازارلاردا سېتىلغان. مودېرنلىشىش تېز راۋاجلىنىۋاتقان ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گوللاندىيەلىكلەرنىڭ «VOC» شىركىتى 18 - ئەسىر مۇستەملىكىچىلىرى ۋە گوللاندىيەلىكلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قۇل تىجارىتى قىلىدىغان شىركەتلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ شىركەت ھىندونېزىيە، ئامېرىكا ۋە ئافرىقىدا قۇل تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەڭ چوڭ باشلامچىلاردىن بىرى ئىدى. 1850 - يىلى كالىفورنىيە شىتاتى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغاندا ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان 200 مىڭ يەرلىك خەلقتىن 10 مىڭ كىشى 1854 - يىلى قۇل قىلىنىپ بازارلاردا سېتىلغان. 1852 - يىلى كالىفورنىيە شىتاتىنىڭ نوپۇسى 85 مىڭ بولغان بولسا، قىرغىنچىلىق ۋە ئادەم سودىسى سەۋەبى بىلەن 1862 - يىلىغا كەلگەندە بۇ رەقەم 35 مىڭ كىشىگە تۆۋەنلىگەن.[14]

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ چىققان فىرانسىيەنىڭ 1830 - يىللاردىن 1962 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالجىرىيەدىكى ئەرەب ۋە تۈرك مۇسۇلمانلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى ھېلىغىچە ئۇنتۇلغىنى يوق. [15] ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە، تەڭلىك ۋە باراۋەرلىك شوئارلىرى يۇقىرى ئاۋازدا كۆتۈرۈلىۋاتقان مەزگىلدىكى ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئەھۋال مۇشۇنداق. ئەمما بۇ دەۋردە پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئارقىدا قالغان ئىسلام جۇغراپىيەسىدە ئىنسانلار، ئاللاھ ياراتقان ئەڭ شەرەپلىك مەۋجۇدىيەت بولۇش شەرىپىنى قوغداپ كەلمەكتە ئىدى. نىسپىيلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىنسانلار ئانا يۇرتلىرىدا ھۆر ھايات كەچۈرمەكتە ئىدى. لېكىن مودېرن، زامانىۋىلاشقان غەربلىكلەر ۋە باشقا تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن ئافرىقا خەلقىگە سالغان زۇلمى ۋە تالان-تاراجلىرى ئافرىقا تارىخىدا كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. مودېرنىزمدىن ھالقىغان بۈگۈنكى كۈندە مۇستەملىكىنىڭ رەھىمسىز تايىنى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان ياكى قورچاق ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن ئاچلىق، يوقسۇللۇق ۋە ھەر خىل بالا - مۇسىبەتكە دۇچار قىلىنىۋاتقان بىچارە خەلق جانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتىدۇ. ئۇلار مودېرنلىك ۋە زامانىۋىلىشىش ئۇقۇمىنى قايسى مەنىدە چۈشىنىدۇ؟

(14) بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مىساللار بار. قاراڭ: سەفا م. يۈرۈكئەل، «باتى تارىخىدە ئىنسانلىق سۇچلارى»، 2 - باسمىسى، 31 – 38 – 42 - بەتلەر.

(15) قاراڭ: سەفا م. يۈرۈكئەل، يۇقۇرىدىك ئەسەر 55 - 62 - بەتلەر. ئەھمەت داۋۇتئوغلۇ، «ستراتېژىك دېرىنلىك»، ئىستانبۇل 2001 - يىلى 1 - باسما، 86 - بەت.

بۇنداق ئەھۋال پەقەت ئافرىقىدىلا ئەمەس، ئاسىيا قىتئەسىدىكى بەزى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىنمۇ داۋاملاشتۇرۇلماقتا. ئىنسانىي ھەق- ۋە ھوقۇقلاردىن مەھرۇم، ھەددى ھېساپسىز يەر ئاستى بايلىقلىرىغا ئىگە بولۇشىغا قارىماي يوقسۇللۇق ئىچىدە ئىڭراۋاتقان، ئاسسىمىلاتسىيەلىشىپ تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئىنسانلار مودېرنلىكنى تاللىشى كېرەكمۇ ياكى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قوغدىشى كېرەكمۇ؟

بۇ يەردە توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئۇقۇم «غەربلىشىش» ئۇقۇمى. چۈنكى مودېرنلىشىش ئۇقۇمى بىلەن غەربلىشىش ئۇقۇمى بەزى نۇقتىلاردا بىرلىشىدۇ. غەربلىشىش، غەرب مەدەنىيىتى ياكى غەربلىكلەرنى دوراش ۋە ئۇلارغا ئوخشاش بولۇش ھەرىكىتىدۇر. ياۋروپانىڭ كېيىنچە ئامېرىكىنىڭ باشتا پەن- تېخنىكا، سىياسەت، ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ۋە كۇلتۇر سىستېمىسىنى يۆتكەپ ئېلىش ئىدىيەسى بۇ ئۇقۇمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. بىزنىڭ بۇيەردە ناھايىتى ھوشيار بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۈگۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنى دوراش تەرەپدارلىرى تۈنۈگۈن رۇس مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە كۇلتۇرىنى قىبلىنامە قىلغان ئىدى. نۆۋەتتە خىتاي تېز تەرەققىيات باسقۇچىغا قاراپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئەتە ئەگىشىدىغان كۈچ «خىتاي» بولامدۇ؟

دۇنيانىڭ سىياسىي كېلەچىكىنى ياخشى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدىن كېيىنكى دەۋردە ئىسلام دۇنياسى، گېئوپولىتىك [16] ۋە گېئوكۇلتۇر جەھەتتە يىلتىزلىق بىر ئۆزگىرىش باسقۇچىغا كىرىۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش باسقۇچى ئەينى زاماندا ئىسلام دۇنياسىنىڭ 21 - ئەسىردىكى غەلبىسىنىڭ ئىشارەتلىرىنى بەرمەكتە. شۇنىڭدەك خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا كۆچكەن مۇسۇلمان نوپۇس ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياۋى مەدەنى ۋە سىياسىي ساھەدىكى رولى، تەسىرى ۋە ياردىمى ئارتماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلار بۇ زامانغىچىلىك تولىمۇ ئوخشاش، تەكشى ۋە بىر خىل ئېتنىك ۋە مەدەنى قۇرۇلمىغا ئىگە ياۋروپا غەرب دۆلەتلىرى ئۈچۈن كۈچ كۆرسىتەلەيدىغان ھالغا كەلمەكتە. مۇشۇ ھالەتتىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ چەتكە قېقىلىشى بىر تەرەپتىن غەرب ئەللىرى «بايراقدار» لىقىنى قىلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرىنى ئاساس قىلغان شوئارلىرى بىلەن

(16) بۇ ئۇقۇم، سىياسىي جۇغراپىيەدىن ئايرىلىپ چىققان بىر ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئىلمنىڭ ساھەسى سىياسىي جۇغراپىيەنىڭ دۆلەتلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدا ۋە زىيانلىرىنى، دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تۇتقان سىياسەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئۇقۇمنىڭ ئاساسچىسى 1864 - 1922 - يىللىرى ئارىسىدا ياشاپ ئۆتكەن شۋېتسىيىلىك رادولف كژېلېن (Rudolf Kjellen) ئىدى.

زىتلىق شەكىللەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي ۋە مەدەنىي پۈتۈنلۈكنىڭ بىر پارچىسى ھالىغا كېلىشى، غەربنىڭ دىن ۋە ئېتنىك يىلتىزنى ئاساس قىلىدىغان ئايرىمچى ۋە ئىرقچى كۆچلىرىنى قۇتراتماقتا.

ئىسلام دۇنياسىدىكى مەدەنىي ئويغىنىش دەۋرىدە ئىسلام چەمبىرى سىرتىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىسلام ئۇقۇمىنى تېرروررچىلىق، كونىلىق، بومبا ۋە رادىكاللىق دېگەندەك چاپلىما سۆپەتلەر بىلەن بىللە تىلغا ئېلىشى گېئوپولىتىك جەھەتتىن چەتكە قېقىشقا يۈزلىنىشنى ئىپادىلەيدىغان پسىخولوگىيەلىك شەرتلىك رېفلېكسقا زېمىن ھازىرلىماقتا. مۇشۇنداق چەتكە قېقىش ھەرىكىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئۇللىرى فۇكۇياما (Fukuyama) نىڭ «تارىخنىڭ ئاخىرلىششى» ۋە ھانتىڭتون (Huntington) نىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەندەك ئەسەرلىرىدە ئالغا سۈرگەن ئىپادىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. فۇكۇياما، ئىسلام دىنىنى تارىخنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان، غەربلىكلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا زىت يېگانە يول، ئىسلام دۇنياسىنى بولسا قارشى قۇتۇپ دەپ قارىغان. ئىسلام دۇنياسىدىكى مەدەنىيەت جانلىنىشىغا دائىر ھەقىقەتلەرنى ئىستراتېگىيەلىك پىلانلىرىغا ۋاستە قىلىپ قوللانغان خانتىڭتون، ئىسلام دۇنياسىنىڭ چېگرالىرىنىڭ قان بىلەن سىزىلغانلىقىنى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باشتا غەرب دۆلەتلىرى بولۇپ بارلىق مەدەنىيەتلەر بىلەن زىددىيەت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. [17] ئەمما ۋ.س.سمىس (w.c.smith) قا ئوخشاش بەزى غەربلىكلەر بولسا، مۇسۇلمانلار بىلەن غەربلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلامىي پەرقىنىڭ ئۆستىگە بىر كۆۋرۈك قۇرۇش ۋە دوستانە مۇناسىۋەت مۇھىتى شەكىللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.[18]

قىسقىسى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بىلەن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا، بىلىم، پەن -تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن تەرەققىياتلار، ياۋروپالىقلارغا دۇنيا سەھنىسىدە ھەر جەھەتتىن نوپۇزلىرىنى ئاشۇرىدىغان كەڭ كۆلەملىك مەنپەئەت كەلتۈرۈشكە باشلىغان. ئۇرۇش، مۇستەملىكە قىلىش ۋە شۇنىڭدەك غەيرى ئىنسانىي يوللار بىلەن كۆچلىرىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بېغىشلىغان.[19]

(17) ئەھمەت داۋۇتئوغلۇ، يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 250 - بەت ۋە داۋامى.
(18) مۇھەممەد ھۈسەيىن، «مودېرنىزمنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كىرىشى»، ئىستانبۇل 1986 - يىلى، 121 - بەت.
(19) مۇھەممەد ھۈسەيىن، «مودېرنىزمنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كىرىشى»، ئىستانبۇل 1986 - يىلى، 17 - بەت.

### 3 - ئاقارتىش چۈشەنچىسى

ئاقارتىش ھەرىكىتى تارىخى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ياۋروپادا 17 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى بىلەن 19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى بەزى پەيلاسوپلارنىڭ ئەقلنى ئىنسان ھاياتىدىكى مۇتلەق كۈچ، يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئىنسان زېھنىي بىلەن شەخسنىڭ ئېڭىنى بىلىم نۇرى بىلەن يورۇتىدىغان سەرخىل بىر باسقۇچ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئاقارتىش، ئىلمىي كەشپىيات ۋە پەلسەپىۋى تەنقىد دەۋرى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بىر ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

ئاقارتىش پىكرى ۋە ھەرىكىتى، جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچلاردىن بىرى. ئاقارتىش ھەرىكىتى دەسلەپتە ياۋروپا قىتئەسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆرۈنۈشلىرىگە شاھىت بولۇۋاتىمىز. بۇ جەھەتتە ئاقارتىش ھەرىكىتىدىن نېسىۋىسىنى ئالمىغان ھېچقانداق بىر جەمئىيەت يوق دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەسلىدە ئاقارتىش پىكرى ئوتتۇرا ئەسىردە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە دىنىي ۋە ئەنئەنىۋىي قۇرۇلمىلارغا قارشى چىقىش ئىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئاقارتىش پىكرى، غەرب ئوتتۇرا ئەسىرى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن خرىستىيان سكولاستىك (چاكىنا پەلسەپىگە ئائىت) قۇرۇلما بىلەن ھېسابلىشىش ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئولتۇرغىنى، پۈتۈنلەي دىنى دوگمىلار تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن سكولاستىك پىكىر، چېركاۋلارنىڭ بېسىمى بىلەن شەكىللەنگەن، شەخس ۋە كوللېكتىپ تۇرمۇش شەكىللىرىنى ئۆزلىرى خالىغانچە شەكىللەندۈرىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ كۆزقاراشلىرىغا قەتئىي ھۆرمەت قىلمايدىغان بىر سىستېما ئىدى.

ئەڭ مۇھىمى ئوتتۇرا ئەسىردە سكولاستىك تۈزۈمدە تەلىم- تەربىيە، پەلسەپە ۋە بىلىم پۈتۈنلەي چېركاۋنىڭ ئىلكىدە بولغانلىقتىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەقلنىڭ رولى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلغان. بۇ دەۋردە پىكىر يۈرگۈزۈش، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىزدەش ۋە تەنقىدكە ئوخشاش ئىنساننىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېلمىنتلار ئىشلىمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈلۈپ قويۇلغان. بۇ سەۋەبتىن يۈز يىللار بويىچە داۋاملاشقان قاراڭغۇ دەۋر مەيدانغا كەلگەن. دەرۋەقە ئاقارتىش دەۋرىنى چېركاۋ ھاكىمىيىتىگە ۋە ئەقلنىڭ كورلاشتۇرۇلىشىغا

تايانغان ئوتتۇرا ئەسىر سكولاستىك تۈزۈمى ئوتتۇرىغا چىقارغان تۇرمۇش شەكىللىرىدىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان دەۋرى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئاقارتىش ھەرىكىتى رېنېسانس ۋە يېڭىلىنىش ھەرىكەتلىرى بىلەن بىللە باشلانغان ئەقىلگە يۈزلىنىش، تەنقىد ۋە «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭىلىنىش ئىزدىنىشلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان بىر پەلسەپە ھەرىكىتى.

فرانكىس باكون «Bacon»، رېن دېكارت (Rene Descartes)، جون لوك (John Locke)، دېيۋىد ھام (David Hume) ۋە ئىمانۇئېل كانت (Immanuel Kant) قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى غەرب زىيالىيلىرى ئىنساننىڭ قۇتۇلۇشىنىڭ ئەقىل ۋە تەجرىبە كۈچىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. مەسىلەن باكون بىلىم كەلىمىسىنى «بىلىم، ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىش دېمەكتۇر» دەپ تەرىپلىگەن. مۇسبەت بىلىم چۈشەنچىسى، بىلگىلى بولىدىغان نەرسىنىڭ پەقەت تەجرىبە ۋە كۆزىتىش بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئوبيېكتىپ، ماددىي ھادىسىلەر ئىكەنلىكى كۆز قارىشىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. بۇ قاراش مەزكۇر دەۋردىن كېيىن غەربلىكلەرنىڭ بىلىش تىرىشچانلىقىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن. لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ماھىيىتىنى ئىسلام كالام ۋە پەلسەپە ئېقىملىرى ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان ئىدى. كۆپىنچە ھاللاردا ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىققان ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەسلىدە ئىسپانىيە ۋە سىجىلىيە ئارقىلىق ئىسلامى ئىلىملەر ۋە ھېكمەتنىڭ لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى[20] بىلەن باشلانغانلىقى ئۇنتۇلىدى. بۇ باسقۇچتا كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىنسان ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم، ئەمما ئاددىي بىر ئەقلىنىڭ چاڭگىلىغا سىغدۇرۇلماقچى بولدى. تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسىنىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتى ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ سەۋرچانلىقى سىناپ بېقىلدى. بەزىدە بارلىقىغا گۇمان بىلەن قارالدى. بىز باركەنمىز، ئۇ ھالدا ئۇمۇ بار دېيىلمىدى. بارغانسېرى دائىرىسى تارايغان ئاقارتىش پەلسەپىسى، ئىنسانشۇناسلىق (ھيۇمانىزم)، ئەقلىيلىك، لائىسىزم / ئىلمانىزم (دىننى دۆلەتتىن ئايرىش قارىشى)، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئۈمىدۋارلىق ۋە دۇنياۋىيلىق قاتارلىق تېمىلارغا قىستىلىپ قالدى.

(20) ئالى بۇلاچ، «ئىسلام دۇشۇنجەسىندە دىن- پەلسەپە\ۋەھى-ئەقىل ئىلىشكىسى»، ئىستانبۇل نەشرى، 377 - ۋە داۋامىدىكى بەتلەر.

ئەنئەنىلەرگە قارشى ئىسياننى مىراس ئالغان ئاقارتىش تەرەپدارلىرى تەسەۋۋۇر قىلغان ئېھتىماللىقلىرىدىكى ئەڭ گۈزەل جەمئىيەتنى يەنى ئۇتوپىيەلىرىنى خەلقنى ئۆتمۈشىدىن ئايرىماستىن، خەلقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەسلىملىرىنى ئاياغ ئاستى قىلماستىن ۋە ئىززەت - نەپسىنى تۆۋەن كۆرمەستىن تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. شۇنىڭدەك ئۇلار، مۇنازىرە ئەخلاقى، تىل ۋە پىكىرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك بارلىق ئىدېئولوگىيەلىك توقۇنۇشلارنىڭ ئەڭ قاتمال مازاق ۋە مەسخىرىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تارىخنىڭ ھەقىقىي بەلگىلىگۈچىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق رولچىلىرى مىللىي ھاكىمىيەتنىڭ تەسىر دائىرىسى تېشىدا ئىش قىلدى. [21] بۇ يەردە غەربكە «ھەيران» لىق ئىچىدە تويماي قارايدىغان ئىسلام مودېرنىزمچىلىرىنىڭ پىكىرلىرى راۋاج تاپمىدى. ئۇلارنىڭ «كەشپىيات» لىرىغا ئىسلام دۇنياسى «ھەيران» قالمىدى.

**خۇلاسە**

ئۆزۈن يىللاردىن بېرى پۈتۈن دۇنيا زىيالىيلىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ تېمىنى بىر نەچچە بەتلىك بىر ماقالىدە خۇلاسىلەش مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ يەردە كېلەچەكنىڭ خوجايىنلىرى بولىدىغان ياشلىرىمىزنىڭ زېھنىلىرىدە بىر غىل - پال بولسىمۇ بىر يورۇقلۇق پەيدا قىلسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئۈمىدتە بەزى مەلۇماتلارنى بىرقەدەر ئىلمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتىم. چۈنكى بۇ تېما، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرى، ئېقىملىرى ۋە سىياسەت، مەدەنىيەت تارىخ ئىلمى ھەمدە باسقۇچلار بويىچە پەلسەپىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كىچىك ھەجىملىك بىر ئەسەردە ئىلىم ئەربابىنى تولۇق قانائەتلەندۈرۈش بىر ئاز قېيىن.

مەن سۆزلىرىمنى تۆۋەندىكى قىسقا بىر نەقىل بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

تارىق بۇغرا رومانلىرىدىن بىرىدە، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى تەرەپدارلىرى چىنار، جۇمھۇرىيەتچىلەر ئاكاتسىيە دەرىخى تىكىدۇ، دەيدۇ. مۇستاپا ئۆزەلنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا چىنار ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىسەك، مودېرنلىشىش، زامانىۋىلىشىش ھەۋەسلىرىمىز نەتىجە بەرمەيدۇ. مودېرنلىششكە ئەمەس مودېرنلىششنى ئېشىپ چۈشىدىغان پەرقلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ■ مۇھەررىرى: ئا.ئاقھۇن

(21) پەرۋەز مانزور، «مودېرنىسز مودېرنلەشمە: مۇسۇلمان سياسى گۆرۈشۈنۈن باشارىسىزلىغى»، مودېرنلەشمە، ئىسلام دۇنياسى ۋە تۈركىيە، ئەنسار نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2000 - يىلى،150 - بەت.

ئادىل ئىبراھىم

# ئىستېمال جەمئىيىتى، كۈلتۈرى ۋە ئېھتىياج

ئىستىمال جەمئىيىتى تەبىرى غەربتە سانائەتلىشىشتىن كېيىنكى جەمئىيەت شەكلىنى ئىزاھلاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ھەسسىلەپ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان تەلەپ - تەمىنلەش تەڭپۇڭلۇقى كاپىتالىستلارنى ۋە ھۆكۈمەتلەرنى ھەر خىل سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشقا مەجبۇرلىدى، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ تېز سۈرئەتتە ئىستېمال قىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك يوللار سىناق قىلىنىشقا باشلىدى.

بۇ يوللارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرى، ئەلۋەتتە. يېزىق ۋە كۆرۈنۈشلۈك مەتبۇئات (تېلېۋىزور) بىلەن بىرلىكتە يېقىنقى يىللاردا بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۆلچەرلىنىۋاتقان ئىنتېرنېت، ئىستېمال جەمئىيىتىنى مونوپۇل قىلىشتا، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشتە ئىشلىتىلىۋاتقان ئاساسلىق ۋاستىلەردىن بىرى.

ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك مەۋجۇتلۇقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى زۆرۈر ئىستېمال بۇيۇملىرىغا مۇھتاج. شۇڭا بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىستېمال قىلماستىن ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا ياراتقۇچىمىز ۋەھىينىڭ ۋاستىسى بىلەن قۇللۇق ئىمتىھانى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىشىنى چەكلىگەن قان، قالدۇق جەسەت ۋە چوشقا گۆشى قاتارلىقلارنىمۇ مەجبۇر بولۇپ قالغان ئەھۋاللاردا جاننى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن يېيىلىشىگە رۇخسەت قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا تۇرالغۇ جاي سېلىش، كىيىنىش، ئالاقىلىشىش قاتارلىق ئەڭ نورمال ئېھتىياجلىرىمىزمۇ بار. ئىنسان بۇ خىل ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

ئىنسان زۆرۈر ۋە نورمال ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالايدىغان ھەرىكەت قىلىش ئېنېرگىيىسى ۋە قابىلىيىتى بىلەن يارىتىلغان. بىراق ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك بولسا ئەقىلدۇر. ئىنساننىڭ زۆرۈر ۋە نورمال ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا رەھىمسىز رىقابەت ۋە ئىستېمالنى ئەمەس، ئادالەت

بىلەن ئورتاقلىشىش ۋە ئادىل ئىستېمالنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئەقىل ۋە ياراتقۇچىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تەستىقلاش تەبىئەتكە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان.

مۇسۇلمانغا نىسبەتەن زۆرۈر ۋە نورمال ئېھتىياجلىرىنى قامداشنىڭ بەلگىلىمىلىرى مەۋھۇم ئەمەس. ئىنسانغا ھايات يېتەكچىسى سۈپىتىدە ئەلچىلەر ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن ۋەھيي بىزگە ئىستېمالدا ئادىل بولۇشنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان ئۆلچىمى ۋە چېگرىلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. چۈنكى كائىناتنىڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلىرىنى، ئىستېمال قىلىدىغان ئىنسان تەبىئىتىنى، بۇلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى، خوشاللىققا ئېرىشىشنىڭ ئۆلچەملىرىنى ياراتقانمۇ، بىكتەكەنمۇ ياراتقۇچىمىز بولغان ئاللاھتۇر.

ئىنسانلار زۆرۈر ۋە ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلەشتە ئاللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن بەلگىلىمىنى ئاساس قىلىپ قۇللۇق ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغان، تەۋھىدنى ۋە ئادالەتنى يايغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئەركىنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي ئەركىنلىك بولسا، يارىتىلىش تەبىئىتى ۋە شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ماس قەدەمدە بولۇش، يارىتىلىش تەبىئىتىنى ياتلىشىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ۋە قۇللۇق ئېڭى بىلەن ئىككى دۇنيالىق سائادەتكە ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدىن چەتنەپ كېتىش يارىتىلىش تەبىئىتىدىن ياتلىشىپ كېتىشنى ۋە تەبىئەتنى خارابلاشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل تاللاش ۋە قىلمىشلار مەغرۇرلۇققا، شېرىككە ۋە ۋەھشىلىشىشكە سەۋەب بولىدىغان نادانلىقتىن ئىبارەتتۇر، خالاس. نادانلىق دەل يارىتىلىش تەبىئىتى ۋە ۋەھيىدىن ياتلىشىشتۇر. ئىستېمالسىز ھايات بولمايدۇ. بىراق زۆرۈر ۋە ئاساسلىق ئېھتىياجلارنى تەمىنلەش ئۈچۈن ۋەھيي ئۆلچەملىرىنى ۋە ئادالەتنى ئاساس قىلمىغان ئەھۋالدا، ئىستېمال نادانلارچە قىلىنغان ئىستېمال بولۇپ قالىدۇ. ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدا بۇلار ھارام ۋە ئىسراپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلىگە بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئېھتىياج سۈپىتىدە قارالغان ئىستېمال ھەققىدە بەس مۇنازىرە قىلىش ئەمەس، نېمىنىڭ ئېھتىياج، نېمىنىڭ ئىسراپ بولىدىغانلىقى ۋە قانداق ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ئەقىلگە تېخىمۇ مۇۋاپىق.

كۈنىمىزدە تۇرمۇشىمىزدىكى ئۈممەت كۇلتۇرى ياكى يېزا - ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ دىنامىكلىرى بەلگىلەش رولىغا ئىگە ئەمەس. مۇسۇلمانلار تارىخىي جەريانىدا ئۈممەتچىلىك

ئېڭى ۋە ئەمەلىيىتىنى يوقىتىپ قويدى. ئىنسانىيەتمۇ سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ماھىيەت خاراكتېرلىك تەسىرى ئاستىدا يېڭىلىق جەمئىيىتى ۋە ئەنئەنىلىرىدىن ۋاز كېچىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار 14 – 15 - ئەسىردىن ئېتىبارەن ياۋروپادا شەكىللەنگەن يېڭى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇناسىۋەت قېلىپلىرىنىڭ ئۆزگىرىش يۆلىنىشىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان ياكى ماسلىشالايدىغان دىنامىكلاردىن ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىدىن يىراقلىشىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار دەسلەپكى مەزگىللەردە ۋەھىي دائىرىسىدە ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىلمىي ۋە مەدەنىي بايلىقلار، قىممەت ئۆلچەملىرى خىرەلەشكەنسېرى ئاجىزلىشىپ ماڭدى ۋە ھايات شەرتلىرىنى بەلگىلەشتىكى ئىجادكارلىقى ئاستا - ئاستا گۆللىنىش، ئىسلاھات ۋە ئىلمىي ئويغىنىش قاتارلىق ئېقىملار بىلەن شەكىللەنگەن ياۋروپادىكى زامانىۋى تۈسكە بۇرالدى.

يەنى غەرب دۇنياسى مۇسۇلمانلارنى يېڭى بىر تۇرمۇش ۋە ئىدىيە ئەندىزىسى ئارقىلىق ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگىرىشكە مۇپتىلا قىلىش ئارقىلىق پارچىلاپ تاشلىمىدى. مۇسۇلمانلار قۇرئان - كەرىم بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھاياتنى نادانلارچە خورىتىۋېتىشى نەتىجىسىدە ئۈممەت روھىنى يوقىتىپ، پارچىلىنىپ كەتتى. ۋەھىيدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ نېمەتتىن ئايرىلىپ قېلىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي بۆلۈنۈشلەرنى، غەرب ئۈستىلىق بىلەن كاپىتالىزم دائىرىسىگە ئېلىپ ئۆزىنىڭ بىر قىسمى ۋەياكى مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان بازار ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى.

تارىختا ھېچقانداق بىر جەمئىيەت سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ مۇشۇ ئەسىردە نامايەن قىلغان ھەسسىلەپ ئىشلەپچىرىش سەۋىيىسىگە يېتىپ باقمىغان ئىدى. كاپىتالىست ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدا پەقەت زور مىقداردا تاۋار جۇغلاشلا مۇھىم ئەمەس ئىدى، مۇھىم بولغىنى جۇغلانغان زور مىقداردىكى تاۋارنىڭ سەرمايىدارغا پايدا ئېلىپ كېلىشى ۋە يېڭى مەبلەغ ئىمكانىيەتلىرىگە زېمىن ھازىرلىشى ئۈچۈن پۇلغا ئايلاندۇرۇلۇشى، ئەڭ ئاخىرىدا بازارغا سېلىنىشى ۋە ئىستېمال قىلىنىشى ئىدى. مەسىلىگە بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، كاپىتالىزمنىڭ باش ئاغرىقى بولسا، زور كۈچ سەرپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئامبارلىرىنى توشقۇزۇۋەتكەن تاۋارلارنى قانداق قىلىپ بازارغا سېلىش ۋە ئاۋامغا قانداق ئىستېمال قىلدۇرۇش ئىدى. شۇنداق قىلىپ، دۇنيارىمىزدا ئىستېمال مەسىلىسىدە دۈچ كەلگەن زامانىۋى ھادىسىلەر ياكى ئەھۋاللار كاپىتالىست ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال مۇناسىۋىتى ئىچىدە بەلگىلىنىشكە باشلىدى.

سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ ئىستېمال مەسىلىسى يالغۇز تەرەققىي قىلغان كاپىتالىست دۆلەتلەرگىلا خاس مەسىلە ئەمەس. دەرۋەقە، كاپىتالىزم 19 - ئەسىردىن بۇيان يەرشارىلىشىپ پۈتكۈل دۇنيانى بازار ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىدى. سانائەت كاپىتالىزمى بەرپا قىلغان تۇرمۇش ئادەتلىرى يەر شارىلاشتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ ئاساسى بولغان قىممەت ئۆلچەملىرىمۇ ۋە ئىستېمال مەسىلىلىرىمۇ تەبىئىي ھالدا يەر يەر شارىلىششقا باشلىدى.

### ئىستېمال كۇلتۇرى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق

ئىستېمال كۇلتۇرى كاپىتالىزم يولغا قويۇلۇۋاتقان جەمئىيەتلەردە ئىستېمالچىلارنىڭ بازاردىكى مەھسۇلات ۋە تاۋارلارنى تاللاش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ھەسسە قوشۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىستېمال جەمئىيىتى، ماللارنىڭ ۋە مۇلازىمەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن بەكرەك مال ۋە مۇلازىمەتلەرنىڭ بولۇپمۇ بىكار ۋاقىتلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇدۇر. ئىستېمال جەمئىيەتلىرىدە يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا تەبىقىلەر ئىستېمال قىلغان مەھسۇلات، مۇلازىمەت ۋە ماركىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە مەرتىۋە قولغا كەلتۈرۈشكە ۋە باشقىلارغا ئىستېمال قىلغان نەرسىسىگە ئاساسەن باھا بېرىش ۋە مۇئامىلە قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىستېمال جەمئىيىتىدە كىمنىڭ قانداق بىر ماركا كىيگەنلىكى، كىمنىڭ قايسى ماركا ماشىنىنى ھەيدىگەنلىكى، كىمنىڭ قايسى رايوندا ۋە قانداق بىر ئۆيدە تۇرىدىغانلىقى مۇھىم. چۈنكى ئىستېمال كۇلتۇرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىلىرىدىن بىرى ئايرىما يەنى پەرقتۇر.

خاسلىق ياكى ئايرىما شەخسنىڭ «مەن» تۇيغۇسىنى غىدىقلايدىغان ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. ئىندىۋىدۇئاللىقنى كۈچەيتىدىغان خاسلىق ياكى ئايرىما بىلەن ئىنسان ئەركىنلىكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، دەيدىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت. بىراق شۇنىسى ھەقىقەتكى، كاپىتالىستلار ئىستېمال كۇلتۇرى بىلەن شەكىل كىرگۈزۈلگەن ئىندىۋىدۇئاللىقتىن ئىجتىمائىي كونترول ۋاستىسى سۈپىتىدە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ.

ماركيۇس ئىستېمال كۇلتۇرى تەرىپىدىن شەكىل كىرگۈزۈلگەن ئىندىۋىدۇئاللىقنى «يېرىم ئىندىۋىدۇئاللىق» دەپ تەرىپلەيدۇ. ئەسلىدە ئىستېمال تەرىپىدىن غىدىقلىنىدىغان

ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن نە «مەن» بولغىلى بولمايدۇ، نە «بىز» سۈپىتىدە قالغىلى بولمايدۇ. كاپىتالىست جەمئىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللاشقانلار ئويدۇرۇلۇپ چىقىرىلغان خىيالى تۇرمۇشنىڭ رولچىلىرىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇ دەل ئىستېمالچىنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى ھېسابلىنىدۇ.

تەشكىللىك سەرمايە تەرىپىدىن ئەركىنلىك، لىبىراللىق، زامانىۋىلىق، ئىستەك ئۈچۈن پەپىلەنگەن ئىستېمالچى، ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ تەشۋىقاتى ئاستىدا مونوپوللاشتۇرۇلىدۇ ۋە يالغۇزلاشتۇرۇلىدۇ.

ئىستېمال جەمئىيىتى دېيىلگەندە، بىر جەمئىيەتتە باشقا جەمئىيەتلەرگە نىسبەتەن ئىستېمال قىلىش نىسبىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىراق بۇ مەسىلىدە ئىككى پەرقلىق قۇرۇلما ئۈستىدە توختىلىشقا بولىدۇ. بىرىنچىسى، ھەم كۆپ ئىشلەپچىقارغان ھەمدە بۇنىڭغا پاراللېل ھالدا ئىستېمال قىلىدىغان سانائەتلەشكەن كاپىتالىست ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا ئىگە جەمئىيەتلەر بولۇپ، بۇلار «ئىستېمال كاپىتالىزمى» ھۆكۈمران بولغان جەمئىيەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئىشلەپچىقارغىنىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان ۋە سانائەتلىشىشنى تولۇق مەنىسىدە ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بولالمىغان جەمئىيەتلەردۇر. بىرىنچىسىدە، ئىستېمال كۈلتۈرى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ھالىتىگە كەلگەن. بىكار ۋاقىتلاردا سودا - سېتىق قىلىش ئادىتى، ماركا ۋە ئىزچىل يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان مودا نەرسىلەرنى تەقىب قىلىش ئارزۇسى، تولۇق بايقالمىغان ساياھەت ئورۇنلىرىنى ساياھەت قىلىش ۋە ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مودىغا ئوخشاش داۋاملىق يېڭى ۋە ئېچىلمىغان يەرلەرنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇش كەڭ ئومۇملاشقان. ئىككىنچىسىدە، ئۆگىتىلگەن ۋە رىغبەتلەندۈرۈلگەن سۈنئىي ئېھتىياجلار بىلەن «دوراش» ۋە «ئوخشاش بولۇش» تىن باشقا سەۋىيىگە ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى خىلدىكىلەر، كاپىتالىست دۆلەتلەر ۋە دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرگە نىسبەتەن ئاساسلىق ئىستېمال بازارلىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىلدىكى جەمئىيەتلەر، ئىستېمال كۈلتۈرىنى ئۈچۈر ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھوللىۋۇد ئەسەرلىرى، كۆڭۈل ئېچىش ساھەلىرى بىلەن ئەڭ كۆپ تارقىتىدىغان ۋە ئىستېمال كۈلتۈرىنى يەر شارىلاشتۇرغان ئامېرىكا تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن يەنى ئامېرىكىچىلىقتىن ئەڭ كۆپ ئۆزۈق ئالىدۇ. ئىستېمال كاپىتالىزمىدا تۆۋەن تەبىقىلەر، ئوتتۇرا تەبىقە ئىنسانلىرىغا خاس بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىنتىلىشكە يۈزلەنگەن بولسا، ئىستېمال سەۋىيىسى تۆۋەن جەمئىيەتلەردە بۇرژۇئازىيە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىنتىلىش تۈيغۇسى

ئىستېمال كۇلتۇرىنى غىدىقلىماقتا.

ئىستېمال - ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى سەرمايىدارغا مەنپەئەت ئاتا قىلىپ، مەۋجۇت ئىستىمال تەرتىپىنى مۇستەھكەملەيدىغان دائىرىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى يېڭى مودېللارنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق تېزلەشتۈرمەكتە. بولۇپمۇ ئائىلە ئېلېكتېر سايمانلىرى ۋە تاختايلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىدا نەزەردىن ساقىت قىلىنغان كونا تاۋارلارنىڭ يېڭى مودېللارغا ئالماشتۇرۇلۇشى تەشۋىق قىلىنماقتا. تاۋارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش بازاردا ئالماشتۇرۇلىدىغان ھەر خىل قىممەت ئۆلچەملىرىنى تاۋارلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە، يالغۇز مەھسۇلات ۋە خىزمەتلەر تاۋار سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنماستىن، مۇقەددەس كۈنلەر، ئانىلار ۋە تۇغۇلغان كۈنلەر، ئىشقى - مۇھەببەت، سۆيگۈ ۋە ئىززەت قاتارلىق قىممەت ئۆلچەملىرىمۇ تاۋارلاشتۇرۇلماقتا.

دوستلۇق، سۆيگۈ، ئېتىقاد قاتارلىق قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ تاۋارلاشتۇرۇلۇشىدا سېكۇلارىزىملىق چۈشەنچىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن مۇھىم. سېكۇلارىزىملىق چۈشەنچە دىنى ۋە پەرقلىق كۇلتۇر قىممەت ئۆلچەملىرىنى لايىكلىقتىكىگە (دىندىن خالىي) ئوخشاش چەتكە قاقماستىن ئۆز دائىرىسىدە ئىشلىتىشنى ئويلايدۇ. مودېرنىزىمنىڭ دىننى ۋە كۇلتۇرنى چەتكە قاقىدىغان بىلىمپەرەسلىكنى، ئەقلىپەرەسلىكنى ۋە ئىلگىرىلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيىسىگە زىت قىممەت ئۆلچەملىرىگە كەڭ قۇچاق ئېچىپ بىر خىل ئەركىنلىك مۇھىتى يارىتىشتەك تەسىر پەيدا قىلغان پوستمودېرنىزىم، دۇنياۋى كاپىتالىزم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بىر كۇلتۇر ئېقىمىدىن ئىبارەت، خالاس. باشقىلارنى يەنى «پەرقلىق قاتلام» لارنى ئۆزىگە ئوخشاش قىلىشنى رەت قىلىدىغان بىر ئۇسۇلدۇر. پوستمودېرنىزىم مەزمۇن ۋە سىستېمىلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىك مۇھىتنى ئورتاقلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، شەخس ۋە ئىستېمالنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە پەرقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كۇلتۇر ۋە سودىنىڭ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن ئىستېمال ۋە ئىستېمالچىلار ئۈچۈن ھەر خىل مەھسۇلات ۋە ئوبرازلارنى يارىتىپ چىقىدۇ. تۇرمۇشقا «ئىستېمال سەرگۈزەشتىسى» سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

پوستمودېرنىزىم ئىستېمال كۇلتۇرى ئارقىلىق مودېرنىزىمنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە چەكلەشلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بازارنىڭ يەر شارىلىشىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. پوستمودېرنىزىم، ھەر نەرسىگە ھۆرمەت قىلىپ ياكى بۇزۇپ قايتىدىن مەنە بېرىشنى

ئۆزگە پىرىنسىپ قىلغان كۆلتۈردىن ئىبارەت. پوستمودېرنىزىم مودېرنىزىمدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ ياكى ئۆتۈشنى خالىمايدۇ، يالغۇز ئىچىنى قايتىدىن تولدۇرۇپ چىقىدۇ، يەنى تەڭشەيدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا مودېرنىزىمنىڭ ئەنئەنە ئىچىدە قايتىدىن جانلاندۇرۇلۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بولىدۇ. جەننەت مىسالى، دەپ تەرىپلەنگەن كارپىس مېھمانسارىيى ۋە ئىبىسىل زادىلەر تەۋسىيە قىلىۋاتقان بەللى شارپىلىرىنىڭ ئېلانلىرىنى بۇ نۇقتىدىن چۈشىنىشىمىز لازىم. پوستمودېرنىزىملىق ئىستېمال ئۆز ئىستىراتېگىيىلىرى ئارقىلىق ھەم پەرقلىق كۆلتۈرلەردىن پايدىلىنىپ ئىستېمال بازارلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە تىجارى بولمىغان قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ تاۋارلاشتۇرۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

## ساناڭەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىستېمال مەدەنىيىتى

16 - ۋە 17 - ئەسىرلەردە ياۋروپادا مېركانتىلىزىم ئېقىمى (بىر خىل ئىقتىسادىي نەزەرىيە) ئىستېمالنى ئازايتىپ تېجەشلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلغاندا، سەرمايە جۇغلاشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن.

18 - ۋە 19 - ئەسىرلەردە ئادام سىمىس، مالسۇس، رىچاردو قاتارلىق كىلاسسىك ئىقتىساد نەزەرىيىچىلىرى تەلەپنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا دائىر نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن 1929 - يىلدىكى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ قايتىدىن مەيدانغا كەلمەسلىكى ئۈچۈن كېيىنكىسى ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى دۆلەت ۋە ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ سەرمايىلىرىنى ئىشلىتىشكە ۋە مەبلەغ سېلىشقا يۈزلەندۈردى. تايلور ۋە فورد ھەسسىلەپ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۈنۈملۈك ۋە ئاممىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئاتالغۇلىرىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلدى. فورد، « تېخىمۇ كۆپ ئىشكار ۋاقىت ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىستېمال» نىشانىغا، خىزمەتچىلەرگە تېخىمۇ كۆپ مائاش ۋە ئىككى كۈنلۈك ھەپتە ئاخىرقى دەم ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغانلىقنى پىلانلىدى. مۇشۇنداق بولغاندا سېتىۋېلىش كۈچى ئۆستۈرۈلگەن شەخسلەر ماھىيەت جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بازارلارغا يۈزلەندۈرۈلۈپ ئاممىۋى ئىستېمالغا مايىل قىلىناتتى. يەنى تەلەپ يېتەرسىزلىكى ۋەجىدىن تۇرغۇنلۇق يۈز بېرىشنى خالىمايدىغان سىستېما، مۇشۇنداق قىلىپ ئىستېمالنى ئېلانچىلىق، بازارغا

سېلىش ئىستراتېگىيىلىرى، يېڭى لايىھە ئۇسۇللىرى بىلەن كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل تۈرمۇش شەكلىگە ئېلىپ كىرىشنى مەقسەت قىلاتتى.

ئاممىۋى ئىستېمال تەبئىي تاللاش بولماستىن، ئۆگىتىلگەن تاللاش بىلەن بىۋاستە چېتىشلىق ئىدى. مۇشۇنىڭ بىلەن ئىستېمال مەدەنىيىتى ۋە ئىستېمال جەمئىيىتى ئاتالغۇلىرى مەيدانغا كەلدى. 1960 - يىللاردىن كېيىن تەرەققىي قىلغان كاپىتالىست جەمئىيەتلەردە ماددىي تاۋارلار ۋە مۇلازىمەتلەر (ئولتۇراق جاي، ماشىنا، سەھىيە، قاتناش، ساياھەتچىلىك ۋەھاكازا) ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى ئايرىيدىغان ئىستېمال شەكىللىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جەمئىيەتشۇناسلار تۇرمۇش ئىمكانىيەتلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي كىملىكنى ئىجتىمائىي سىنىپلارغا قاراپ ئايرىشتىن بەكرەك، ئىستېمال ئاملىنى ئاساس قىلىپ تۈرۈپ ئىزاھلاشقا باشلىدى. يەنە ئىجتىمائىي تەبىقىلىشىشنى ئىزاھلاشتا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان قېلىپلاردىن بەكرەك ئىستېمالنى ئاساس قىلغان قېلىپلار ئالدىقى پىلانغا ئۆتتۈشكە باشلىدى. مەسىلەن، ھېنرى فوردنىڭ ئاپتوموبىل سانائىتىدە ئىشلەشتىن بەكرەك بىر فورد ئاپتوموبىلغا ئىگە بولۇش ۋە ئۇنى ھەيدەش ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلىرى ئالدىنقى پىلانغا ئۆتتى.

1970 - يىللاردىن كېيىن ئېلانچىلىق ۋە مودا قاتارلىقلار ماددىي نەرسىلەر بىلەن گەۋدىلىنىدىغان شەكىل ۋە كۆرۈنۈشلەرنى «ئىجتىمائىي مەنالار» بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ھەسسىلەپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نىشانى بولغان ئاممىۋى ئىستېمالنىڭ ئورنىنى، ئىستېمالچىلارنى سۈپەت ۋە ئوبراز كۇلتۇرى ۋە ئۆزگىرىش دائىرىسىگە جەلىپ قىلىش ئارقىلىق ماركا ۋە مەھسۇلاتنى تاللىيالايدىغان مۇھىت ئىگىلىدى. بۇ جەريان دەل پوست - فوردىزىم دېيىلىدىغان مودېل ئۆزگىرىشنىڭ سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلاشقان ۋە فورد مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆمۈرى قىسقارغان جەريان بولدى.

ئىستېمالدىكى ماركا خۇمارلىقى باشقىلاردىن پەرقلىق كۆرۈنۈش، مۇستەقىل ۋە ئالاھىدە بولۇۋېلىش پسىخىكىسىنى ئاساس قىلىدۇ. مودېرنىزىمدا شەخس ۋە جەمئىيەت ئىگىدارچىلىق، بىلىم ۋە ئىلغار پەن - تېخنىكا ئۇسۇللىرى بىلەن يېتەكلىنىدۇ، بىراق «ئۆزگىلەرنىڭ كۇلتۇرى» ئەررىمەس، دەپ قارىلىدۇ. پوستمودېرنىزىم بولسا، زىتلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى مودېرن يەنى زامانىۋىلىقنىڭ ئىچىدە نامايەن قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ كاپىتالىستىك ئىستېمالنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ، ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس

قىلىدۇ. تۆۋەن ۋە ئۇستۇن كۇلتۇرلەر ئايرىمى ۋە دەرىجە پەرقىنى يوقاتقاندا، تۇرمۇش بىر ئىستېمال تەجرىبىسى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «كاپرىس مېھمانسارىيى جەننەتتىن بىر پارچە» ياكى «بەللى شارپىلىرى مەدەنىيەتلىكلەر ئۈچۈن» شەكلىدىكى ئېلانلاردا كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش كۇلتۇر ۋە سودا بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كېتىدۇ. بۇ شەكىلدە ماركا ۋە سىمۋوللارغا مەستخۇش قىلىنغان ئىستېمالچى، كۈندىلىك خوشاللىقلاردىنلا قانائەت ھاسىل قىلىدىغان، ئېھتىياجىنىڭ تەمىننى كىچىكتۈرەلمەيدىغان ۋە كېلەچەك ئۈچۈن بۈگۈننى قۇربان قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. قۇرئاندىكى «ئىنساننىڭ ئالدىراڭغۇلۇقى» (بەنى ئىسرائىل سۈرىسى: 11-ئايەت) دېگەن ئايەت ئىنساننىڭ دەل بۇ ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

غەرب جەمئىيىتى 15 - ئەسىردىن تارتىپ ياۋروپادا شەكىللەنگەن ئىدراكچىلىق (ئەقىلچىلىق)، بىلىم ۋە ئىزچىل تەرەققىياتنى ئاساس قىلغان بىلىم نەزەرىيىسىگە تايىنىدۇ. بۇ جەمئىيەت تەڭرىلەر ياكى تەڭرى، مېتافىزىك ياكى دىننى ئاساس قىلغان دۇنيا قارىشىغا ئاساسەن قۇرۇلغان بولماستىن، ئىنساننى ئاساس قىلغان دۇنيا قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان. كاپىتالىزىممۇ غەربنىڭ بۇ بىلىم نەزەرىيىسى دائىرىسى ئىچىدە بەرپا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شەخسنى، دۇنيانى ۋە كۈچنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان سېكۇلار (دىندىن خالى) بىر ئاساس ئۈستىگە بىنا قىلىنغان. ئىزچىل تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش چۈشەنچىسى پەن - تېخنىكىلىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ھاياتقا مەنە بېرىدىغان نىشان ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. سانائەت كاپىتالىزمى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش، كېڭىيىش، كۈچىيىش، يەنە كېڭىيىش ۋە كۈچىيىش ئۈچۈن داۋاملىق ۋە ھەر خىل ئۇسۇللاردىكى ئىستېمالنى تەقەززار قىلىدۇ.

كاپىتالىست ئىستېمال ئەمەلىي رولى ياكى قىممىتى بولمىغان ئىستېمال شەكلى بولۇپ، ماركا، سىمۋول ۋە ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆگىتىلگەن ۋە سىڭدۈرۈلگەن «سىمۋوللۇق ئىستېمال» دۇر. بولۇپمۇ كاپىتالىست جەمئىيەتلەردە ۋە بۇ خىلدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ھەۋەسلىنىدىغان ئىستېمالچىلاردا مەھسۇلات ۋە ماركىلار ئىقتىسادىي، پەن - تېخنىكىلىق ۋە ئەمەلىي رولى بولغان پايدىلىرىدىن بەكرەك سىمۋوللۇق مەنىلىرى جەھەتتىن ئىنتايىن قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ. سىمۋوللۇق ئىستېمالدا ئىشلىتىلگەن سائەت، كىيىلگەن تەنتەربىيە ئايىغى ياكى شارپىلاردىن بەكرەك ماركىلىرىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئىستېمالچى ئۆگىتىلگەن ۋە سۈنئىي ئېھتىياجلارغا يۈزلەندۈرۈلۈپ سىمۋوللۇق

«قىممەت ئۆلچەملىرى» نى ياكى ئوبرازلىرىنى سېتىۋالىدۇ. كاپىتالىست ئىستېمالدا تېخىمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىش تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە بۇ سىستېمىنىڭ تېخىمۇ كۆپ باياشاتچىلىقنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. دىننى كۇلتۇر سۈپىتىدە كۆرىدىغان ئىستېمال كاپىتالىزىمىدا ئىنساننى ئاساس قىلغان تۇرمۇش چۈشەنچىسى ئاجىزلاپ، تاۋارنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش چۈشەنچىسى كۈچىيىپ بارىدۇ. يەنى تۇرمۇشنى ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئىنساننى بىر قىسىم سەرمايىدارلار ئىشلەپچىقارغان تاۋارلار ۋە مەھسۇلاتلار يېتەكلەيدۇ. ئىنسان بۇ يەردە تامامەن پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا، تاۋارلار بەلگىلەش ۋە يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئامېرىكىدىن ياۋروپاغىچە، ياپونىيەدىن جۇڭگوغىچە بولغان كاپىتالىست ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال ئۇسۇلىنى ئورتاقلاشقان جەمئىيەتلەردە مەۋجۇت بولغان مەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىنىڭ خۇنۇكلىشىشى، ياتلىششىنىڭ يىغىنچە بىر تۈرىدۇر، خالاس. خۇلاسە كالام، تاۋارلارغا باغلىق بولغان ئىستېمال كۇلتۇرىنىڭ دۇنياۋى كاپىتالىزمنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلانغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرسەك، خاتالاشمىغان بولىمىز.

ئىستېمال ئىدېئولوگىيىسىنىڭ بەلگىلىرى (بۇتلىرى، رەسىملىرى، ئىشارەتلىرى، ئايكونلىرى) بولسا ھەشەمەتلىك سودا - سېتىق مەركەزلىرى، تەشۋىقاتچىلىرى بولسا ئېلانچىلاردۇر.

باۋۇدرىللاردىنىڭ تەرىپلىگىنىگە ئوخشاش، ئېھتىياجلار مېدىيا تەرىپىدىن بېكىتىلمەكتە، نېمىنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى ئويلاشقىمۇ ۋاقتى يەتمىگەن ئىستېمالچى، ئالدىغا كەلگەن ياكى سۇنۇلغان قولايلىقلارغا «ياق ياكى ماقۇل» جاۋابىدىن بىرىنى بېرىشكە ئاران ۋاقىت چىقىرىپ، ئاڭلىق بولۇشتىن بەكرەك غەيرى ئىرادە ۋە ئاڭسىز شەكىلدە ئىستېمالغا بېرىلمەكتە.

### ئېھتىياجمۇ ياكى ئىستەكمۇ؟

ئىستېمال ئېھتىياجى بىلەن كاپىتالىزمغا تەۋە ئىستېمال كۇلتۇرى ئوخشاش نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال ئۇسۇللىرىدا ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىنى تونۇمايدىغان فېئودال جەمئىيەتتىكى ئاسىيلىق قىلمىشلىرى بىلەن، كاپىتالىست جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە فونكسىيىسىدىكى مەۋجۇت ئاسىيلىق ماھىيەت جەھەتتە ئاساسەن ئوخشاش... بىراق ھەر قانداق دەۋردە مەۋجۇت بولغان «ھەشەمەتلىك

ئىستېمال» نىڭ ھۇزۇر ۋە مەئىشەتلەرنى غەدىقلايدىغان ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن دۇنيا كاپىتالىزمغا تەۋە «ئىستېمال كۇلتۇرى» كەڭ دائىرىلىك، سىستېمىلىق ۋە يالغان كىملىك « ئاتا قىلىدىغان» ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىستېمالنى ئىزاھلاشتىكى ئەڭ مۇھىم ئاتالغۇ«ئېھتىياج» دۇر. ئىستېمال ئارقىلىق ئېھتىياجنىڭ قاندۇرۇلۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ. زۆرۈر ۋە نورمال ئېھتىياجلىرىمىزنىڭ فىزئولوگىيىلىك ئېھتىياجى، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، سۆيگۈ، ھۆرمەت ۋە تەۋەلىك ئېھتىياجى قاتارلىق تارماقلىرى بولىدۇ. ئېھتىياجلىرىمىزنىڭ مۇھىملىقى ئالدى بىلەن زۆرۈر بولغانلاردىن باشلىنىدۇ. بىراق ئىستېمالنىڭ مەقسىتى بولغان ئېھتىياج، ئادەتتە نۇرغۇنلىغان ئاتالغۇ بىلەن ئارلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى «ئىستەك» ئاتالغۇسىدۇر. ئىستەك كۆپىنچە ھاللاردا ئېھتىياج بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ھالبۇكى ئىستەك، ئېھتىياجنىڭ قانداق قاندۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. ئېھتىياج تۇغما بولغان بولسا، ئىستەك ئادەت بىلەن بەكرەك مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئېھتىياج يارىتىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ تەبىئىي بولغان بىر نەرسە. ئىستەك بولسا ئۆگىتىلگەن بولۇپ قىممەت ئۆلچەملىرىگە تايىنىدۇ ۋە كىشىنىڭ ھاياتى بويىچە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئۇسسۇزلۇق زۆرۈر ئېھتىياجتۇر. بىراق، بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇسسۇزلۇقنى قانداق قاندۇرۇش مەسىلىسى. ئۇسسۇزلۇقنى سۇ بىلەنمۇ، قېتىق بىلەنمۇ ياكى كولا بىلەن قاندۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن قايسىسىنى تاللاش دەل ئىستەككە بېرىپ چېتىلىدۇ.

رەببىمىز، كىتابىدا ئىنسانىنىڭ مول نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئازغۇنلۇققا پېتىپ قالىدىغانلىقىنى دەيدۇ (شۇرا، 42/ 27). بۇ سەۋەبتىن مول رىزىق بىلەن ئۇچراشقانلارنىڭ ۋە مول رىزىققا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە ئاسىيلىق قىلمىشلىرىدىن ئۇزاق تۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئىستەكلىرىنى ۋەھىي يولى بىلەن تەربىيە قىلىشلىرى لازىم.

مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن بايلىق ھەشەمەتلىك ئىستېمال ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئادالەتنى ۋە ئورتاقلىششىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ پەرزلىرىدىن بولغان زاكاتتا بۇ نۇقتا ناھايىتى روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئىسلام باياشات تۇرمۇشنى ئەمەس تەقۋادارلىقنى ۋە توغرىلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. بىراق بۇ ھەرگىزمۇ دۇنيا نېمەتلىرىدىن ۋاز كېچىشنى بىلدۈرمەيدۇ. مول نېمەت مۇسۇلمانلارنىڭ شۈكرى قىلىشنى، قۇللۇق ئېڭىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى

كېرەك. مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش، يۆلەش، ئازغۇنلار ۋە ئاسىيلارغا قارشى تەۋھىد ۋە ئادالەت قۇرۇلمىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇشى لازىم. قۇرئان ھاياتقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىلاھىي كىتابتۇر. ئىسلام ھەممىگە خىتاب قىلىدۇ. ئىسلام زامانىۋى ھاياتتىن بۇرۇنقى ھاياتنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىرەر لايىھىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. بىراق زامانىۋى نەرسىلەرنىڭمۇ ۋەھيىنىڭ ئۆلچەملىرى دائىرىسىدە پىششىقلاپ ئىشلىنىشىنى ۋە دۇرۇسلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ.

گۈزەللىك ۋە زىننەت بولسا، ھاياتنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرىدىغان مائارىپ، سەھىيە، ماكان ۋە ھەر خىل قوراللار ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان مەدەنىيلىشىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ساپانى ئۆستۈرۈش جەريانىدۇر. بىراق بۇ مەدەنىيلىشىش باسقۇچى نەپسنى ئازدۇرىدىغان ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن، ئىسراپ ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن يىراق بولۇشى لازىم. زۆرۈر ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشتىن بۇرۇن نورمال ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇش مەنىسىز بىر ئىش بولغىنىدەك، زۆرۈر ۋە نورمال ئېھتىياجنى قاندۇرۇشتىن بۇرۇن گۈزەللىك ۋە زىننەتكە بېرىلىشمۇ مەنىسىز بىر ئىشتۇر. ئاقىۋەت، بۇ ئىسراپ ۋە ئادالەتسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئىستەك ئۆگىنىلگەن ۋە كۇلتۇر دائىرىسىگە كىرىدىغان بىر ھېسسىيات بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىمۇ سانائەت جەمئىيىتىدىمۇ ۋەھيي ئۆلچەملىرى دائىرىسىدە ئىسلاھ قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

زۆرۈر ۋە نورمال ئېھتىياجلاردىن ھالقىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق ئىستېمال ھەشەمەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم بىر تاۋارنىڭ ياكى يۈرۈش - تۇرۇش شەكلىنىڭ ھەشەمەت ياكى ھەشەمەت ئەمەسلىكى مەسىلىسىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بەس - مۇنازىرە مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئېھتىياجلارنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەش مەسىلىسىدە گەۋدىلىنىپ چىقماقتا. ئەلۋەتتە، بۇ ئىختىلاپ مەسىلىسىدە زۆرۈر، نورمال، گۈزەللىك ۋە زىننەت ئوتتۇرىسىدا قايسى ئورۇندا ياكى قايسى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ۋە « مۆمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىق» پرىنسىپىنىڭ قانداق نامايەن بولىدىغانلىقى ئىجتىھاتنى تەقەززار قىلىدىغان بىر مەسىلىدۇر. بىراق ئېھتىياجنىڭ قاندۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۇلۇم، ئۆسۈم، ھايانكەشلىك ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىقلاردىن ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئىجتىھادقا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىدىغان ئەھۋال ئەمەس، ئۇلار ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئازغۇنلۇق ۋە ئىسراپتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئېھتىياجلىرىمىزنى قاندۇرۇشتا ئىستەكلىرىمىزنى

كاپىتالىستلار كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان راھەتپەرەسلىك ۋە ھەشەمەتچىلىككە قاراپ ئەمەس، تۇغما بولغىنىغا، ۋەھىيگە ۋە ئادالەتكە ئاساسەن بېكىتىپ چىقىشىمىز لازىم.

بىراق تۇرمۇشقا ئىلگىرىلەش چۈشەنچىسى بىلەن باھا بېرىدىغان غەرب قىممەت ئۆلچەملىرىگە كۆرە، ھەشەمەتچىلىك، سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەشۋىق قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. كاپىتالىستلارغا كۆرە، ئىسراپ ئىنسانلارغا زىيان ئېلىپ كېلىدىغان بىر پايدىسىز ئامىلدۇر. بىراق سودا ئۈچۈن ئەسلا ئۇنداق ئەمەس. مونتېسكيۇنىڭ مەنتىقى دەل بۇ نۇقتىنى ئاساس قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە: «ھەشەمەتچىلىك بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئەھۋال، ئەگەر بايلار ھەشەمەتچىلىك قىلمىغان بولسا نامراتلار ئاچ قالغان بولاتتى». يەنى نامراتلار ياردەم ۋە ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن ئەمەس، ئىستېمال نېمەتلىرى نۇقتىسىدىنمۇ ئەھمىيەت بېرىلىشكە باشلانغان. غەرب ئىقتىسادىدا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك ۋە ئىجتىمائىي پەرق نورمال، دەپ قارىلىدۇ. دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ شەرقلىقلەر ياكى 3- دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئورنىنى تۆۋەن كىملىك قاتارىدا كۆرۈشى ۋە پەس كۆرۈش تۈسىنى ئالغان ئاتالغۇ بىلەن ئىزاھلىشىغا ھەيران قېلىشنىڭ ئورنى يوق. چۈنكى، غەربتە كاپىتالىزم ئىجاد قىلىپ چىققان ئىستېمال كۈلتۈرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نامرات تەبىقىلىرىگە شەرقلىقلەرگە قانداق ئېھتىياجى بارلىقى ئۆگىتىلىدۇ. ئىستېمالچىلارنىڭ «ئۇستازلىرى» بولغان ئېلانچىلار، «تەلىم - تەربىيە» پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئىستېمالچى ئېھتىياجلىرى ئۆگىتىلگەن ئېھتىياجلار ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

### يېڭى بىراق تارىخقا زىت ئۆيغىنىش

باۋۋدرىللارد ئىستېمال جەمئىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «تارىختا ئوخشاش ھادىسىنىڭ ئىككى قېتىم مەيدانغا كېلىشىدەك ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. بىرىنچىسىدە، بۇ ھادىسىلەر ھەققىي بىر تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان بولسا، ئىككىنچىسى بىرىنچىسىنىڭ ھەجۋى رەسىمىدۇر ۋە تەبىئىتىدە ئەسلى بولمىغان غەلىتە بىر ۋارىيانتىدۇر، ئۇ ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر مەنبەدىن ئوزۇق ئالىدۇ».

يۇقىرىقى خۇلاسىدىن كېيىن باۋۋدرىللارد، يوقىتىپ قويغان قىممەت ئۆلچەملىرىمىزنى ھەقىقەتلىرىمىزنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان سۈنئىي ئىسلاھاتلار بىلەن

تولۇقلاشقا تىرىشۋاتقانلىقىمىزنى قەيت قىلماقتا. يېشىللىقتىن مەھرۇم قىلىنىپ تۇرمۇشتا بىخۇدلىشىپ كەتكەن ئىنسان شەھەرلەردە بەرپا قىلىنغان سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈش نەيچىسى مىسالى باغچىلاردا كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزماقتا. ئىنسان تارىخقا كۆمۈلۈپ قالغان گۈزەللىكلىرىنى قېلىپلاشقان ئۇسۇلدا مەجبۇرى ھالدا قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ ئىستىمال قىلماقتا.

بۇ دەل ئىستېمال جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. كۈندىلىك خەۋەرلەرنىڭ ساختىلىقى ئۈچۈر - ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق بارلىق پالاكەتلەرنى تۈتقا قىلىپ كۈندىلىك ھاياتنىڭ ساپلىقى ۋە خاتىرجەملىكنى مۇقەددەسلەشتۈرمەكتە. مەسىلەن، ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇۋاتقانلىقى، جەمئىيەتنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتقانلىقى ئېكرانلاردا قويۇلغاندىن كېيىنلا دەرھال بارلىق خىيانەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن «ئىسسىق شامالLar» چىقىرىلىپ، ئېشىپ قالغان «ئېسىل نەسەبلىك» داشقاللار سۈپۈرۈلۈپ تاشلانماقتا. چۈنكى مېدىيا ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى ئىستېمال جەمئىيىتىگە تېز سۈرئەتتە ئىستېمال قىلالايدىغان بۇيۇملارنى تەقدىم قىلىش ۋە يالغاندىن كۆلۈش ئارقىلىق «يىغلاۋاتقان ئېسىل نەسەبلىك» ئىستېمالچىنى پەپىلەپ، كەينىدىنلا بەدەننىڭ لەززىتىنى ۋە ئاچكۆز روھلارنى سۈنئىي خوشاللىققا ئىگە قىلىشتۇر.

### ئەڭ كىچىك ئورتاق كۇلتۇر

تېلېۋىزور ۋە رادىئولاردا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقە پروگراممىلىرىنىڭ ئەسلىدە ھېچقانداق تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان پىروگراممىلار ۋە مۇسابىقىلارنىڭ سانى بارغانچە ئازىيىپ بارماقتا. قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن توغرا جاۋابنى بېرەلمىگەنلىكى، لېكىن يەنىلا خوشال ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئارزۇ قىلغانلىرىغا ئېرىشكەن. ئارزۇ قىلغانلىرى بولسا ئورتاقلىشىش تۇيغۇسىدۇر. كۈنىمىزدە ئورتاقلىشىش ئاساسەن دېگۈدەك زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىۋاتىدۇ. مۇراسىم ئارقىلىق ئورتاقلىشىش ئادىتىنىڭ ئورنىنى كۈنىمىزدە ئۈچۈر ئالاقە ۋاستىلىرى بىلەن ئورتاقلىشىش ئۇسۇلى ئالماقتا.

ئىستېمال جەمئىيىتىدە شەخس ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەملەر ۋە مودا بولغان ئىشارەت ۋە سىمۋوللار ئومۇمىيلىققا ۋە ئاممىغا قانچىلىك ئېرىشەلىسە، شۇنچىلىك دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولىدۇ.

دەۋرىمىزدە مېدىيا ئىستېمالچىنىڭ قىلىق، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، يەنى بەلگىلەۋاتىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ قىزىقىش ۋە ئارزۇلىرىنى ئىسكە سېلىپ قويۇپ، بۇ ئارزۇ ۋە قىزىقىشلارنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقىنى ئۆگىتىۋاتىدۇ. ئېلانلار، بۇ ساھەدە (ئارزۇ، قىزىقىش، ھەۋەسلىنىش) زور دەرىجىدە مەبلەغ سېلىنىپ، تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىنسانلارنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغان ۋە ھەۋەسلەندۈرىدىغان شەكىلگە كىرگۈزۈلمەكتە. ئېلانلاردا، ساھىبجامال ياكى قاملاشقان پېرسوناژلار ئىشلىتىلىپ، ئۈلگىلىك ئىنسان يارىتىلىپ بۇ «قالتىس» ئىنسانلارنىڭ «پالانچى» مەھسۇلاتنى تاللىغانلىقى كۆرسىتىلمەكتە. ئىستېمالچى بۇ خىل ئەھۋالدا، مەھسۇلاتنىڭ پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، مەھسۇلاتنىڭ جەمئىيەتتە ئېلىپ كېلىدىغان ئىجتىمائىي ئورنىغا بەكرەك قىزىقماقتا.

خۇلاسىلىغاندا، ھازىرقى دۇنيا كىشىگە سىمۋوللار، ئوبرازلارنىڭ قورشاۋى ئاستىدا ياشاۋاتقاندەكلا ھېس-تۇيغۇ بېرىدۇ، ھاياتىمىزنىڭ خۇپىيانلىقى ۋە مەھرەم تەرەپلىرى ئاستىن - ئۈستىن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىمىزگە خاس تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيۋاتىمىز. شۇڭلاشقا، نە ئۆزىمىزگە ئوخشىيالمايۋاتىمىز نە «بىز»گە يېتەلمەيۋاتىمىز، باشقىلار تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان تۇرمۇش شەكلىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قىلىپ سېنارىيىمىزنى «باشقىلار» غا يازدۇرۋاتىمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز بۇ ئەھۋاللارنى پەرق ئېتەلمەيۋاتىمىز. ■

## پايدىلانمىلار


1.Hamza TÜRKMEN: Cahil Tüketim Kültüründen Aşmak Mümkün Mü?

2.Banu DAĞTAŞ, 2009, Medya,Tüketim Kültürü ve Yaşam Tarzları

3.Yavuz ODABAŞI,2009, Tüketim Kültürü Yetinen Toplumdan Tüketen Toplumu, Sistem Yayıncılık, İstanbul

4. 作者：[英国]迈克•费瑟斯通，译者：刘精明，消费文化与后现代主义，出版社：译林出版社，

5. www.consumerculturetheory.org


6 - غەربىنىڭ تەپەككۇرى، مونتىمېر ئادلېر

2012 - يىلى، دېكابىر، تۈركىيە

- ئەسەت سۇلايمان: ترويا ياغاچ ئېتىنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن بار؟
- ئەركىن ئەكرەم: خىتاينىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى ۋە سىياسىي ئىسلاھات
- نەبىجان تۇرسۇن: لېنىنىنىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى
- ئۆمەرجان نۇرى: «بايانى ھەقىقەت» ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان ماقالىلەر
- نۇرئەھمەت قۇربان: مودېرنلىشىش ۋە رېئاللىق
- ئادىل ئىبراھىم: ئىستېمال جەمئىيىتى، كۇلتۇرى ۋە ئېھتىياج